ئىنسانلار بىلىشكە ئەڭ تەشنا

# يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

3

## خىلمۇخىل ھايۋانلار











شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

## قىسقىچە مەزمۇنى

ھايۋانلار ئەزەلدىن بالىلارنىڭ ئەڭ يېقىن
دوستى بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئوماقلىقى،
باتۇرلۇقى، زېرەكلىكىدىن تارتىپ تاكى ھىي-
لىگەرلىكى، قورقۇنچاقلىقى، كالامپايلىقلى-
رىغىچە بالىلارنى قىزىقتۇرماي قالمايدۇ.
ھايۋانلار تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، مەزكۇر
كىتابتا بالىلار ئەڭ قىزىقىدىغان، كۆڭۈل
بۆلىدىغان، ئۆزلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا
كۆزەتكەن، شۇنداقلا ئاڭلىغان ھايۋانلار توغ-
رىسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار چۈشەندۈرۈ-
لىدۇ. مىساللار ئاددىي، چۈشىنىشلىك، قى-
زىقارلىق بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدا رەڭ-
گارەڭ ھايۋانلار دۇنياسىنى جانلىق نامايان
قىلىدۇ.



ئىنسانلار بىلىشكە ئەڭ تەشنا

# يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

3

## خىلمۇخىل ھايۋانلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

可爱的动物：维吾尔文/纪江红主编；玛丽亚木古丽. 买买提译.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.8
（人类最想知道的十万个为什么）
ISBN 978—7—228—11695—9

Ⅰ.可… Ⅱ.①纪…②玛… Ⅲ.动物—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.Q95—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 117714 号

主　　编　纪江红
译　　者　玛丽亚木古丽. 买买提
责任编辑　美丽古丽. 吾布力哈斯木
特约编辑　迪力夏提. 苏里坦
责任校对　赛娜瓦尔. 依布拉音，再米拉. 裴达依
特约校对　亚森. 扎依莫夫
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮政编码　830001
印　　刷　乌鲁木齐八家户彩印有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　4
版　　次　2008 年 8 月第 1 版
印　　次　2008 年 8 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000 册
定　　价　13.00 元

# مۇندەرىجە


تۇفېلكا راستىنلا كىچىك ساپما كەشكە ئوخشامدۇ؟..... 4

بۇلۇت نېمە ئۈچۈن ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ؟......... 6

نېمە ئۈچۈن مېدۇزىنىڭ شۇنچە كۆپ قوللىرى بار؟..... 8

قۇلۇلىنىڭ ئىچىدە مەرۋايىت قانداق پەيدا بولىدۇ؟......... 10

سىياھبېلىقنىڭ قانداق ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇللىرى بار؟... 12

سەقەنقۇرنى دادىسى تۇغقانمۇ؟......... 14

ئۇچار بېلىق راستىنلا ئۇچامدۇ؟......... 16

كامبالا بېلىقنىڭ كۆزى نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپتىلا بولىدۇ؟... 18

نېمە ئۈچۈن ئالتۇنبېلىقلار شۇنچە كۆركەم بولىدۇ؟..... 20

كاراپ بېلىقى نېمە ئۈچۈن «ئەجدىھا بوسۇغىسى» دىن سەكرەيدۇ؟......... 22

نېمە ئۈچۈن يەلكەنبېلىقنى سۇ ئۈزۈش چېمپىيونى دەيمىز؟......... 24

سەكرىگۈچى بېلىق نېمە ئۈچۈن دەرەخكە يامىشالايدۇ؟... 26

قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن توغرىسىغا ماڭىدۇ؟......... 28

تىمساھ نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟......... 30

نېمە ئۈچۈن يامغۇر پاقىسى ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ؟......... 32

نېمە ئۈچۈن تاشپاقىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ؟..... 34

نېمە ئۈچۈن كۆزەينەكلىك يىلان مۇزىكىنى ئاڭلىسا ئۇسسۇل ئوينايدۇ؟......... 36

خانقىزنىڭ كۆشەندىسىدىن قۇتۇلىدىغان قانداق چارىلىرى بار؟......... 38

نېمە ئۈچۈن يىڭناغۇچ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزىدۇ؟..... 40

نېمە ئۈچۈن بامبۇكسىمان قۇرتنى «نىقابلىنىش ئۇستىسى» دەيمىز؟..... 42

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نېمە ئۈچۈن تومۇزغا توختىماي ناخشا ئېيتىدۇ؟......... 44
كېپىنەك كېپىنەك قۇرتىدىن ئۆزگەرگەنمۇ؟.......... 46
ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇسسۇلى قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟.... 48
نېمە ئۈچۈن ئۆمۈچۈكنى «سەككىز پۇتلۇق سانغۇن» دەيمىز؟...... 50
قارا چېكەتكىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئېغىزىدىن چىقامدۇ؟.... 52
تېزەكچى نېمە ئۈچۈن تېزەك كومىلىچىنى يۇمىلىتىدۇ؟.... 54
نېمە ئۈچۈن تۆگىقۇش ئۇچالمايدۇ؟.................. 56
نېمە ئۈچۈن شاتۇتى ئادەملەرنى دوراپ گەپ قىلالايدۇ؟.... 58
نېمە ئۈچۈن فرېگات قۇشىنى «دېڭىز قاراقچى قۇشى» دەيمىز؟.............................. 60
ياۋا غازلار نېمە ئۈچۈن قاتار تىزىلىپ ئۇچىدۇ؟......... 62
توز نېمە ئۈچۈن قۇيرۇقىنى ئاچىدۇ؟..................... 64
كاككۇك نېمە ئۈچۈن ئۇۋا سالمايدۇ؟.................... 66
نېمە ئۈچۈن ھۇۋقۇشنى «كېچە مۇشۇكى» دەيمىز؟......... 68
تاز قارانىڭ بوينى ۋە بېشىدا نېمە ئۈچۈن پەيى يوق؟..... 70
يوغانتۇمشۇق قۇشنىڭ تۇمشۇقى قانداق بولىدۇ؟.......... 72
نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇق مېڭە سىلكىنىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولمايدۇ؟.............................. 74
نېمە ئۈچۈن چايكىنى يول باشلىغۇچى دەيمىز؟... 76
خەۋەرچى كەپتەر ئۆيىگە قايتىدىغان يولنى قانداق تاپىدۇ؟... 78
ھەرە قۇشىنىڭ قانداق پەۋقۇلئاددە ئۇچۇش ماھارىتى بار؟.... 80
نېمە ئۈچۈن ئاق قۇنى «سۆيگۈ پەرىشتىسى» دەيمىز؟...... 82
نېمە ئۈچۈن پىنگۋىننى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ خوجايىنى دەيمىز؟.............................. 84
ساقىيقۇشنىڭ تور خالتىغا ئوخشاش تۇمشۇقى نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟.............................. 86
ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى ئانىسىنى قانداق ئېمىدۇ؟........ 88

سۇ پەرىسى راستتىنلا شۇنداق گۈزەلمۇ؟........................ 90
پىلنىڭ خارتۇمىنىڭ قانداق رولى بار؟................................ 92
نېمە ئۈچۈن زىراپىنىڭ بويىنى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ؟.... 94
نېمە ئۈچۈن تۆگە «چۆل كېمىسى» دېيىلىدۇ؟.................. 96
نېمە ئۈچۈن ئات ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ؟....................... 98
نېمە ئۈچۈن ئېشەك يەردە ئېغىنايدۇ؟.......................... 100
نېمە ئۈچۈن شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟..... 102
نېمە ئۈچۈن چوڭ مۈشۈكئېيىق شۇنچە ئەتىۋارلىق؟...... 104
نېمە ئۈچۈن يولۋاسنىڭ بەدىنىدە سىزىقچىلار بولىدۇ؟... 106
مۈشۈك ئېگىز جايدىن سەكرىگەندە نېمە ئۈچۈن يىقىلىپ
ئۆلۈپ قالمايدۇ؟............................................... 108
نېمە ئۈچۈن كېچىدە بۆرىنىڭ كۆزىدىن نۇر چىقىدۇ؟.... 110
نېمە ئۈچۈن ئىت ئەتراپىنى پۇراپلا يۈرىدۇ؟............... 112
نېمە ئۈچۈن ئانا كېنگۇرۇنىڭ خالتىسى بولىدۇ؟.......... 114
نېمە ئۈچۈن خالتىلىق ئېيىق سۇ ئىچمەيدۇ؟............. 116
نېمە ئۈچۈن تىيىن شۇنچە كۆپ ئوزۇقلۇق ساقلايدۇ؟.... 118
نېمە ئۈچۈن شەپەرەڭ تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلايدۇ؟......... 120
نېمە ئۈچۈن مايمۇن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى دورىيالايدۇ؟.... 122
نېمە ئۈچۈن ئورانگۇتان مەيدىسىگە مۇشتلايدۇ؟........... 124

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تۇفېلكا راستىنلا كىچىك ساپما كەشكە ئوخشامدۇ؟

تۇفېلكا بىر خىل ئىنتايىن كىچىك جانلىق بولۇپ، ھايۋانات دۇنياسىدا ئۇنىڭدەك ئاددىي، تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار خېلى كۆپ، كىشىلەر ئۇلارغا «ئىپتىدائىي ھايۋانلار» (پروتوزوئالار) دەپ ئىسىم قويغان. تۇفېلكا ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا ۋە ھاۋادا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ خۇددى باشقا چوڭ ھايۋانلارغا ئوخشاشلا نەپەس ئالىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇزۇقلىنىدۇ. تۇفېلكا بەك كىچىك بولۇپ، پەقەت بىرلا ھۈجەيرىسى بولغاچقا، بىز ئۇنى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز، پە-



**110 ھەسسە چوڭايتىلغان تۇفېلكا**

كىشىلەر پەقەت مىكروسكوپ ئارقىلىقلا تۇفېلكىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرەلەيدۇ.

### بىلىۋېلىڭ



تۇفېلكا ئىككى سائەت ئىچىدە ئىككىگە ئايرىلىپ بولىدۇ.

تۇفېلكا چوڭ بولغاندا بۆلۈنۈپ كۆپىيىشكە باشلايدۇ. دەسلەپتە تۇفېلكىنىڭ ھۈجەيرە يادروسى ئۈزۈلۈپ، بەدىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا پېتىپ كىرىپ كېتىدۇ ـ دە، ئاستا ـ ئاستا ھەربىرىنىڭ بېلىگە ئوخشاش ئىنچىكىلەيدۇ. ئاخىرىدا شۇ جايدىن ئۈزۈلۈپ، يېڭىدىن ئىككى تۇفېلكا ھاسىل بولىدۇ.

قەت مىكروسكوپ ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز. تۇفېلكىنىڭ بەدىنىنىڭ بىر ئۇچى ئوچلۇقراق، يەنە بىر ئۇچى يۇمىلاقراق بولغاچقا، قارىماققا دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان كىچىك سايما كەشكە ئوخشاپ قالىدۇ، ئۈستىدە تېخى چىرايلىق «گۈل»ى بار.



تۇفېلكىنىڭ تەن تۈزۈلۈشى

### كىچىك سىناق

? تۇفېلكا قانداق سۇ ئۈزىدۇ؟

✓ تۇفېلكا ئىللىق كۆلچەكتە ئۈزۈپ يۈرۈشكە ئامراق. ئۇنىڭ بەدەن سىرتىغا پۈتۈنلەي تۈكلەر ئۆسكەن بولۇپ، بۇ تۈكلەرنىڭ دولقۇنسىمان ھەرىكەتلىنىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار سۇدا ناھايىتى تېز ئۈزەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بۇلۇت نېمە ئۈچۈن ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ؟



بۇلۇتنىڭ تەن تۈزۈلۈشى

بۇلۇتمۇ بىر خىل ھايۋان، بىز كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان بۇلۇت دەل ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بۇلۇتنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى شارغا، بەزىلىرى يەلپۈگۈچكە، بەزىلىرى چەينەككە، يەنە بەزىلىرى دەرەخ شاخلىرىغا... ئوخشايدۇ. بۇ بۇلۇتلار دېڭىزنىڭ ھەرخىل جايلىرىدا ئۆسكەچكە، شەكلىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قىرغاقىقا يېقىنراق جايلاردا



دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى نەيچە شەكىللىك بۇلۇتلار

### بىلىۋېلىڭ


كۆپ تۆشۈكلۈك تېنى

بۇلۇت بىر خىل كاۋاك ئۈچەيلىك هايۋان، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى تۆشۈكچىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇن ھەرىكەتچان تۈكلەر ئۆسكەن. بۇ ھەرىكەتچان تۈكلەر دېڭىز سۈيىنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ھەزىم قىلالىغۇدەك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ قالىدۇ.


شەكلى ھەر خىل بۇلۇتلار

ئۆسكەن بۇلۇتلار قورام تاشلارغا يېپىشىۋېلىشقا ئامراق بولۇپ، خۇددى پىدىگەن پوستىغا ئوخشايدۇ؛ تېپىلىنىچ دېڭىزدىكى بۇلۇتلار ئېگىز تۈرخۇنلارغا ئوخشايدۇ. بۇلۇتلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپلا قالماي، رەڭگىمۇ خىلمۇخىل بولۇپ، قىزىل، ئوچۇق يېشىل، سۇت رەڭ ۋە سۆسۈنلىرىمۇ بار، ئۇلار خۇددى گۈللەردەك ئىنتايىن چىرايلىق.



### كىچىك سىناق

❓ نېمە ئۈچۈن بۇلۇت بار جايدا باشقا هايۋانلار ناهايىتى ئاز بولىدۇ؟

✔ بىرىنچىدىن، باشقا هايۋانلار بۇلۇت يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، شۇڭا بۇلۇتنىڭ كۈشەندىسى ئاز؛ ئىككىنچىدىن، بۇلۇت كۆپىنچە دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان بولۇپ، باشقا هايۋانلارنىڭ بۇ يەردە ياشىمىقى تەس؛ ئۈچىنچىدىن، بۇلۇتنىڭ تېنىدە بىر خىل سېسىق پۇراق بولۇپ، باشقا هايۋانلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن مېدۇزىنىڭ شۇنچە كۆپ قوللىرى بار؟



مېدۇزىنىڭ قۇرۇلمىسى

كۆپكۆك دېڭىزدا نۇرغۇن چىرايلىق ھەم
سۇزۇك مېدۇزىلار ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار
خۇددى كۇنلۇكلەردەك سۇدا لەيلەپ يۈرۈشىدۇ.
مېدۇزىلار ئۇ-
زۇپ ھەرىكەت قىلغاندا قوللىرى ئەتراپقا سوزۇ-
لۇپ، خۇددى دېڭىزدىكى ئۇسسۇلچىدەك چىرايلىق
قىياپەتكە كىرىدۇ. مېدۇزىنىڭ «كۇنلۇك» قىسمى-
نىڭ ئاستىدىكى كۈچلۈك مۇسكۇللىرى ئۇزلۇك-
سىز قىسقىرىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا ياردەم
بېرىدۇ. مېدۇزىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا قوللىرى ئو-



مېدۇزا بىلەن ئۇچرىشىش
دېڭىزدا سۇ ئۈزۈۋاتقان كىشىلەرنى بەزىدە
مېدۇزىلار چېقىۋالىدۇ.



بىلىۋېلىڭ



سۇزۇك پارقىراق دېڭىز مې-
دۇزىسى
مېدۇزا قالپاقلىق مېدۇزا دەپمۇ ئا-
تىلىدۇ، ئۇ كاۋاك ئۈچەيلىك ھايۋان.

مېدۇزىنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى خىلمۇخىل بولۇپ، ئىنتا-
يىن چىرايلىق . ھاۋا رەڭلىك يەلكەنسىمان مېدۇزىنىڭ دۈم-
بىسىدە سۇزۇك « يەلكەن »ى بولىدۇ، سۇدا لەيلەپ يۈرىدىغان
ئايىسمان مېدۇزا سۇغا چۈشكەن ئاي شولىسىدەك سۇزۇك
بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. شىمالىي قۇتۇپ سىيانىيە مې-
دۇزىسى قوللىرىنى نەچچە ئون مېتىرغا ئۇزارتالايدۇ.

زۇلۇق تۇتىدىغان ۋە ئۆزىنى قوغدايدىغان قورالى ھېسابلىنىدۇ. بەزى مېدۇزىلارنىڭ قوللىرى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇستىدە يەنە سانسىزلىغان تىكەنلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى كۆزەينەكلىك يىلاننىڭ زەھىرىگە ئوخشاشلا ئادەمنى زەخىملەندۇرەلەيدۇ. ناۋادا، دېڭىزدا مۇشۇنداق مېدۇزىلارنى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئۇنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ سالماڭ، بولمىسا زەخىملىنىپ قالىسىز.



**چىرايلىق مېدۇزىلار**

ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى مېدۇزىلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا قوللىرى بولىدۇ.



### كىچىك سىناق

❓ ئادەتتىكى مېدۇزا چېقىۋالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

✅ ئادەتتىكى مېدۇزا چېقىۋالسا بەدەن كۆيۈشۈپ ئاغرىيدۇ ھەمدە قىزىرىپ، ئىششىپ قالىدۇ، پەقەت ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورا ياكى ئاچچىقسۇ سۈركەپ قويسىلا، نەچچە كۈندىلا ئىششىق يېنىپ، ئاغرىق توختايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قۇلۇلىنىڭ ئىچىدە مەرۋايىت قانداق پەيدا بولىدۇ؟



يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلە

يالتىراپ چاقناپ تۇرغان مەرۋايىتلارنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق بەزىلەر ئاشۇ چىرايلىق مەرۋايىتلارنىڭ قۇلۇلىلەر تۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ئاندىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. قۇلۇلىلەر دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن جايدا ئوزۇقلانغاندا، قۇم دانچىلىرى ياكى باشقا ئۇششاق ماددىلار ئۇلارنىڭ قېپى ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بىراق قۇلۇلىلەر ئۇلارنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.



دېڭىزدىكى چوڭ قۇلۇلە

بۇ چوڭ قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭ مەرۋايىت بولۇشى مۇمكىن، بۇ غەۋۋاس گۆھەر تېپىۋالىدىغان بولدى.



نېۋرىتا قۇلۇلىسىنىڭ ياشاش ئادىتى

بۇ ماددىلار قۇلۇلىنىڭ سىرتقى غىلاپ پەردىسى بىلەن ئۆچراشقاندا، سىرتقى غىلاپ پەردە بىر خىل مەرۋايىت ماددىسى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. مەرۋايىت ماددا بۇ ئۆششاق ماددىلارنى قاتمۇقات ئورېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن مەرۋايىتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھازىرقى سۈنئىي مەرۋايىت يېتىشتۈرۈشتىمۇ دەل مۇشۇ قائىدە ئاساس قىلىنغان، يۇمۇلاق مارجاننى قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويسا، خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىن يۇمىلاق مارجانلار چوڭ مەرۋايىتلارغا ئايلىنىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

مەرۋايىت بىلەن قۇلۇلە قېپىنىڭ ھاسىلىي ماددىلىرى ئوخشاش بولۇپ، ئاساسلىقى كالتسىي كاربوناتتىن ئىبارەت. كالتسىي كاربونات كرىستاللاشقاندا شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ كالتسىتنى ھاسىل قىلىدۇ. مەرۋايىت شېغىل ناشتىن ھاسىل بولغان، قۇلۇلە قېپى بولسا كالتسىتتىن ھاسىل بولغان پرىزمىلىق قۇۋەتتۇر. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئوخشىمىغان شەكىلدە بولىدۇ.



مەرۋايىتتىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى



**كىچىك سىناق**

❓ دۇنيادىكى دېڭىز مەرۋايىت قۇلۇلىسى قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

✔ دۇنيادىكى دېڭىز مەرۋايىت قۇلۇلىسى ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ئۇلار مارتېن قۇلۇلىسى، قارا تەخسىمان قۇلۇلە (قارا مەرۋايىت قۇلۇلىسى)، ئاق تەخسىمان قۇلۇلىلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە مارتېن مەرۋايىت قۇلۇلىسى چىقىرىدىغان مەرۋايىت دۇنيادىكى دېڭىز مەرۋايىتلىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سىياھبېلىقنىڭ قانداق ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇللىرى بار؟

سىياھبېلىق «كاراكاتسىيە بېلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېنى يۇمشاق، ياپىلاق بولۇپ، دېڭىز ئاستىدا ياشاشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ؟ باش قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پۈلتىيىپ چىققان چوڭ كۆزى، ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئون تال ئۇزۇن قولى بار. سىياھبېلىقنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئەتراپىكى كىچىك بېلىقلار ۋە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنى تېز سۈرئەتتە تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇللىرى كۆپ: كۈشەندىسى ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ تېزلىكتە قېچىپ كېتىدۇ؛ ئۇ يەنە دائىم رەڭگىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەتراپتىكى مۇھىت



**سىياھبېلىق پادىشاھى**

ئەڭ چوڭ سىياھبېلىق پادىشاھى 21 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ چاقىرىملىق سەپەر» دېگەن روماندا، سىياھبېلىق پادىشاھىنىڭ «شاتۇت» ناملىق سۇ ئاستى پاراخوتقا ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئەمما ئىپار كىتىگە يولۇققاندا ھەمشە قورقۇپ قېچىپ كېتىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سىياھبېلىق پادىشاھىنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتى سائەتىگە 150 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، شۇڭا ئۇ «دېڭىزدىكى راكېتا» دەپ ئاتالغان.





قان شورىغۇچى قاراقچى سىياھبېلىق

**بىلىۋېلىڭ**

سىياھبېلىقنىڭ سىياھ پۈركۈشى ئۇنىڭ ھىيلە كۆرسەتكىنى بولماستىن، بەلكى دۈشمىنىنى ھوشسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتىدۇر، سىياھبېلىقنىڭ لىق بىر خالتا سىياھ يىغىشىغا ئۇزاق ۋاقىت كەتكەچكە، ئامالسىز ئەھۋالدا قالمىسىلا، ئاسانلىقچە «سىياھ ئوق»نى ئاتمايدۇ.



سىياھ قويۇپ بەرگەن سىياھ بېلىق

بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان رەڭگە ئۆزگىرىۋېلىپ دۈشمىنىنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، سىياھبېلىقنىڭ بەدىنىدە سىياھ خالتىسى بولۇپ، ئىچىدە قاپقارا سىياھ بولىدۇ. ناۋادا كۈچلۈكرەك دۈشمەنلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىسە، ئۇ «سىياھ ئوق» نى ئېتىپ، دۈشمىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يىراقلارغا قېچىپ كېتىدۇ.



**كىچىك سىناق**

? سىياھبېلىق نېمە ئۈچۈن رەڭ ئۆزگەرتىش ماھىرىغا ئايلانغان؟

✓ سىياھبېلىقنىڭ رەڭ ئۆزگەرتەلىشىدىكى سىر بولسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە نەچچە مىليارد قىزىل، سېرىق، كۆك، قارا قاتارلىق ئوخشاشمىغان رەڭلەردىكى پىگمېنت ھۈجەيرىلىرىنىڭ بولغانلىقىدا. شۇڭا، سىياھبېلىق پىگمېنت ھۈجەيرىسى «قاچىلانغان» پىگمېنت خالتىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى تەڭشەش ئارقىلىق تېنىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سەقەنقۇرنى دادىسى تۇغقانمۇ؟



سەقەنقۇرنىڭ تۇغۇلۇشى
سەقەنقۇر بالىسى يېتىلگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدىن بىر - بىرلەپ چىقىدۇ.

بىپايان دېڭىزدا بىر خىل كىچىك ھايۋان بار، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى دالىلاردا چېپىپ يۈرگەن تۇلپارغا ئوخشىغاچقا، «سۇ ئېتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، سەقەنقۇرلارنىڭ دادىسى بوۋاق تۇغۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. دادا سەقەنقۇرنىڭ قورسىقىدا بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى بولۇپ، كۆپىيىش پەسلى كەلگەندە، ئانا سەقەنقۇر تۇخۇمىنى ئاشۇ خالتا ئىچىگە تۇغىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇخۇمنى كىچىك سەقەنقۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈشتەك مۇشكۈل



دادا سەقەنقۇر تۇغۇشتىن بۇرۇن، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ھەرىكەت قىلىپ، بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئاچىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**



يوپۇرماقسىمان يىڭنە بېلىق

يوپۇرماقسىمان يىڭنە بېلىق سەقەنقۇر بىلەن ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ نىقابلىنىش تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى.

سەقەنقۇرلارنىڭ ئۆتكۈر قوغدىنىش قورالى يوق، بىراق ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بىر خىل قوغدىنىش ئۇسۇلى بار. ئۇلار ئادەتتە قويۇق دېڭىز ئوتلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، سىرتقا چىقمايدۇ. بەزى سەقەنقۇرلار مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تېنىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ نىقابلىنىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سەقەنقۇرلارنىڭ پۇتىدا ئۇچلۇق مۇڭگۈزلەر بولۇپ، سۇدا لەيلەپ يۈرگەن دېڭىز ئوتلىرىنى تېزلىكتە تۇتۇۋېلىپ، دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدۇ.



دېڭىز ئاستىدا ئارام ئېلىش

ۋەزىپىنى دادا سەقەنقۇر ئورۇندايدۇ. دادا سەقەنقۇر تۇغمىدىغان چاغدا، قۇيرۇقى بىلەن دېڭىز ئوتلىرىنى ئېلىۋېلىپ تۇرۇپ، بەدىنىنى بىر سوزۇپ بىر قىسقارتىدۇ، نەتىجىدە، بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، سەقەنقۇر بالىلىرى بۇ تۆشۈكتىن بىر - بىرلەپ سەكرەپ چۈشىدۇ.

**كىچىك سىناق**



❓ سەقەنقۇر بېلىقمۇ؟

✔ سەقەنقۇر بىلەن بېلىقنىڭ سىرتقى قىياپىتىدە ئاسمان - زېمىن پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ساقىقىغا تايىنىپ نەپەس ئالىدۇ، بېلىقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، شۇڭا سەقەنقۇر بېلىقنىڭ بىر تۈرىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇچار بېلىق راستتىنلا ئۇچامدۇ؟



سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكتە لەيلەپ ئۇچۇۋاتقان ئۇچار بېلىق.
ئۇچار بېلىقلار كىتتىن قورقۇپ كەتكەندە، سۇدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدۇ.

«كەڭ دېڭىزدا بېلىق ئوينىشار، كەڭ ئاسماندا قۇشلار ئەگىشەر»، قۇشلار قانىتىغا تايىنىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىدۇ. ئۇنداقتا، قاناتلىق بېلىق بارمۇ؟ راستتىنلا بىر خىل «قانات»لىق بېلىق بار، ئۇ ئۇچار بېلىق دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىللىق دېڭىزدا ياشايدۇ. ئۇچار بېلىق ئەمەلىيەتتە قۇشلاردەك ئەركىن پەرۋاز قىلالمايدۇ. ئادەتتە، بەش - ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتە 100 مېتىرلا ئۇچالايدۇ. ئۇچار بېلىق ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشتىن بۇرۇن، قۇيرۇقى بىلەن سۇنى كۈچەپ ئۇرۇپ،

### بىلىۋېلىڭ

ئۇچار بېلىق دائىم سۇ ئۈستىگە ئۇچۇپ چىقمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلسا، تېخىمۇ كۆپ خەتەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۇ دېڭىز يۈزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ - چۈشىدىغان چېغىدا، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن دېڭىز قۇشلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ياكى بەختكە قارشى خادا تاش ۋە پاراخوتلارنىڭ پالۋبىسىغا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئادەملەرنىڭ «مەززىلىك تامىقى»غا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.



ئۇچار بېلىقنىڭ «ئۇچۇش» ئۇسۇلى



دېڭىز ئۈستىگە ئۈچۈپ چىققان ئۇچار بېلىقلار دېڭىز دېلفىنىنىڭ مەززىلىك تاماقىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

تېز سۈرئەتتە سۇ ئۈزۈشتىن پەيدا بولغان ئىنېرتسىيىدىن پايدىلىنىپ سۇنى يېرىپ چىقىپ هاۋاغا ئېتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇچار بېلىق ئۆزۈن ھەم پارقىراق كۆكرەك ئۈزگۈچىسى بىلەن قورساق ئۈزگۈچىسىنى ئېچىپ تېز سۈرئەتتە لەيلەپ ئۇچىدۇ. ئۇنىڭ «قانىتى» پەقەت قېقىلمايدۇ، ئىلگىرىلەش كۈچى قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ ئىتتىرىشىدىن كېلىدۇ.



**كىچىك سىناق**

❓ ئۇچار بېلىقنىڭ «قانىتى» قۇشنىڭ قانىتىغا ئوخشامدۇ؟

✅ ئۇچار بېلىقنىڭ « قانىتى » ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان قورساق ئۈزگۈچىسى بولۇپ، كېرىلگەندە قارىماققا قاناتقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ «قانات» قۇشلارنىڭ قانىتىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كامبالا بېلىقىنىڭ كۆزى نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپتىلا بولىدۇ؟

بېلىقلارنىڭ كۆزى ئاساسەن سىممېترىك ھالدا باش قىسمىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە بولىدۇ، بىراق بىر خىل ئالاھىدە بېلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى كۆزى بىر تەرەپتە بولغاچقا، كامبالا بېلىقى دەپ ئاتالغان. بۇ بېلىقنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ بىر تەرەپتە بولۇشى ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتىغا ئۇزلۇكسىز ماسلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يېڭى تۇخۇمدىن چىققان بېلىجانلارنىڭ كۆزى ئەسلىي ئىككى تەرەپتە بولىدۇ. ئۇلار بىر سانتىمېتىر ئۆسكەندە تېنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ يېتىلىشى تەڭپۇڭ بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ ئۈزگەندە بەدىنى يانتۇلىشىدۇ، دېڭىز ئاستىدا يانچە



كامبالا بېلىقىنىڭ كۆزىنىڭ كۆچۈشى

## بىلىۋېلىڭ

كامبالا بېلىقىنىڭ رەڭگى ئالاھىدە بولۇپ، دېڭىز ئاستى توپىسىنىڭ رەڭگىگە يېقىنلىشىدۇ. ئۇ ھەتتا دېڭىز ئاستى توپىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، كۆشەندىسى بىلەن «مۆكۈشمەك» ئوينايدۇ.



كامبالا بېلىقى تەن رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ.



كامبالا بېلىقى دائىم دېڭىز ئاستىدا جىمجىت تۇرۇۋالىدۇ، بىراق بۇ ئۇنىڭ ھورۇنلۇق قىلغىنى ئەمەس، پۇرسەت كەلسىلا ئۇ بىر سەكرەپ ئولجىسىنى تۇتۇۋالىدۇ.

يېتىپ ئارام ئالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر تەرەپتىكى كۆزى يۆتكىلىشكە باشلاپ، يەنە بىر كۆزىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئاندىن يۆتكىلىمەي مۇقىملىشىدۇ.



قۇم ئارىسىغا يوشۇرۇنغان كامبالا بېلىقى



### كىچىك سىناق

❓ نېمە ئۈچۈن كامبالا بېلىقىنىڭ كۆزى «كۆچىدۇ»؟

✅ كامبالا بېلىقىنىڭ باش سۆڭىكى ئانچە قاتتىق بولمىغاچقا، مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىغا ماسلاشقان، شۇڭا كۆزىنىڭ يۆتكىلىشىگە توسالغۇ بولماستىن، بەلكى كۆزىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ ئېگىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئالتۇنبېلىقلار شۇنچە كۆركەم بولىدۇ؟



چىرايلىق ئالتۇنبېلىق

ئالتۇنبېلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەڭگارەڭ بولىدۇ. ئالتۇنبېلىقنىڭ شۇنچە رەڭدار بولۇشى ئۇنىڭ بەدەن سىرتىدىكى ھەرخىل پىگمېنت تەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئالتۇنبېلىقنىڭ ئەجدادى تاپانبېلىق، تاپانبېلىقنىڭ تەڭگىچىلىرى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدە يەنە قارا پىگمېنت تەنچىسى، قىزغۇچ سېرىق پىگمېنت تەنچىسى ۋە بىر خىل سۇس كۆك رەڭلىك نۇر قايتۇرغۇچى ماددىلار بار. تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە



رەڭگى كۆركەم، شەكلى ھەر خىل ئالتۇنبېلىقلار

### بىلىۋېلىڭ

چىرايلىق ئالتۇنبېلىقلار قىزىل، سېرىق، سۆسۈن، كۆك، قارا ۋە سۇزۇك رەڭلەردە بولۇپ، ئۇزۇن، قىسقا، ياپىلاق، يۇمىلاق قاتارلىق ھەر خىل شەكىللىرى بار. ئالتۇنبېلىقلار ئوماق، چىرايلىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھۇزۇرلىنىدۇ.



ئالتۇنبېلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، بىر خىل تاماشا قىلىنىدىغان بېلىقتۇر.

ئۈچرىغاندا، تەڭگىچىلىرى ۋە تېرىسىدىكى مەلۇم خىل پىگمېنت تەنچىسى ئازىيىدۇ ياكى زىچلىشىدۇ. ناۋادا، بىرنەچچە خىل پىگمېنت ئارىلىشىپ كەتسە، يېڭى بىر خىل رەڭنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۇ ياكى يېمەكلىك تەركىبىدىكى بەزى مېتال ئېلېمېنتلارمۇ ئۇنىڭ تېرىسىدىكى ئاقسىل تەركىبىدىكى ئامىنو كىسلاتالىرى بىلەن بىرىكىپ، ھەرخىل رەڭلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.



ئالتۇنبېلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى

### كىچىك سىناق



? ئالتۇنبېلىقلارنىڭ شەكلى نېمە ئۈچۈن ھەر خىل بولىدۇ؟

✔ ئالتۇنبېلىقلار نۆۋەتتە سۇنئىي ئۇسۇلدا بېقىلغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھەرخىل تىپتىكى بېلىقلارنى ئۆزئارا شالغۇتلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، نەسلى، شەكلى ھەر خىل بېلىقلار بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## كاراپ بېلىقى نېمە ئۈچۈن « ئەجدىھا بوسۇغىسى »دىن سەكرەيدۇ؟



قەدىمكى رىۋايەتلەردە، كاراپ بېلى-
قىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تەتۈر ئېقى-
نىنى بويلاپ ئۈزۈپ، ئەجدىھا بوسۇغىسى
(ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسىدىكى سەنمېنش-
يا بوغۇزى) غا كەلگەندە سەكرەپ ئۆتەل-
گەنلىرى ئەجدىھاغا ئايلىنىدۇ، دېيىلگەن.
شۇڭا، قەدىمكىلەر كاراپ بېلىقىنىڭ
ئەجدىھا بوسۇغىسىدىن سەكرىشىنى يۇقىرى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆ-
تۈپ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشكە ئوخشاتقان. ئەمەلىيەتتە، كاراپ بېلىقىنىڭ

دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان كاراپ بېلىقى
ئۇنىڭ بەدەن شەكلى تەكشى، باش ۋە ئۈزگۈچلىرىدىن
باشقا ھەممە يېرىدە تەڭگىچلىرى بولىدۇ.

ئەجدىھا بوسۇغىسىدىن سەكرىشى
پەقەتلا ئۇنىڭ سۇدا سەكرىگىنى.
كاراپ بېلىقى نېمە ئۈچۈن سۇ
ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشقا



دەرەخنىڭلا يىل ھالقىسى بولۇپ قالماي، كاراپ بېلىقىنىڭ تەڭگە-
چىسىمۇ يىل ھالقىسى بولىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

لى شىجېننىڭ «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «كاراپ
بېلىقى بېلىقلارنىڭ كاتتىسى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئوماق، ئۈستىلىق بىلەن ئۆزگىرەلەي-
دۇ، دائىم دېڭىز - ئوكيانلاردا سەكرەپ يۈرىدۇ». بۇ دېگەنلىك كاراپ بېلىقى دائىم
سۇدا سەكرەيدۇ، ئۇنىڭ تۈرقى بېلىقلار ئىچىدە ئەڭ ئۆلچەملىك ھەمدە ئوماق. شۇنىڭ
ئۈچۈن، كاراپ بېلىقىنىڭ ئەجدىھا بوسۇغىسىدىن سەكرىشىدەك گۈزەل مەنزىرە دائىم
كەشتىچىلىك، قەغەز ئويما ھەيكەلتىراشلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.



رەڭدار كاراپ بېلىقلىرى



تۇخۇم تۇغقاندا، ئەركەك - چىشى كاراپ بې-
لىقلىرى ئۆزئارا قوغلىشىپ ، بىردەم - بىر-
دەم سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىدۇ.

ئامراقتۇ؟ ئەسلىدە كاراپ بېلىقى تۇخۇم تۇغى-
دىغان ۋاقتىدا ناھايىتى روھلىنىپ كېتىپ،
سەكرەشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا، كاراپ بېلىقى كۆشەندىلىرى-
نىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قورقۇپ
كەتكەندىمۇ ئېگىز سەكرەپ سۇ ئۈستىگە چى-
قىۋالىدۇ. شۇڭا، كاراپ بېلىقىنىڭ «ئەجدىھا
بوسۇغىسى» دىن سەكرىشى ھەرگىزمۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئەمەس.



## كىچىك سىناق

❓ كاراپ بېلىقىنىڭ يېشىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

✔ ئەسلىدە كاراپ بېلىقىنىڭمۇ يىل ھالقىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەڭگىچىلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن ھالقىسىمان چەمبەرلەر بار. شۇ چەمبەرلەرنى ساناپ بېقىپلا، ئۇنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نېمە ئۈچۈن يەلكەنبېلىقنى سۇ ئۈزۈش چېمپىيونى دەيمىز؟

يەلكەنبېلىق چوڭ تىپتىكى دېڭىز بېلىقى، دۈمبىسىدە ھەم ئۇزۇن، ھەم ئېگىز دۈمبە ئۈزگۈچىسى بار. بۇ دۈمبە ئۈزگۈچىسى خۇددى بايراقتا ئوخشاش ئەركىن قاتلىنالايدۇ ھەمدە تىكلىنەلەيدۇ، يەلكەنبېلىقنىڭ خەنزۇچە ئىسمىمۇ شۇ سەۋەبتىن شۇنداق دەپ ئاتالغان. يەلكەنبېلىقنى ھايۋانات ئىچىدىكى سۇ ئۈ-زۈش چېمپىيونى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ ھەتتا سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان پارا-خوتلاردىنمۇ تېز ئۈزەلەيدۇ. بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۈزۈش سۈرئىتى ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت چېنىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى، يەلكەنبېلىقلار ئې-قىن سۈرئىتى تېز دېڭىزدا ياشايدۇ. ناۋادا، ئاستا ئۈزسە، دېڭىز دولقۇنلىرى



يەلكەنبېلىق قىلىچنى كىتقا سانجىيدۇ.

سۇدا ساياھەت قىلىۋاتقان
يەلكەنبېلىقلار

## بىلىۋېلىڭ



يەلكەنبېلىقنىڭ ئىككى دۈمبە ئۈزگۈچىسى بار.

ئەمەلىيەتتە، يەلكەنبېلىقنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇردىغان ئىككى دۈمبە ئۈزگۈچىسى بار: بىرىنچىسى، يۇمشاق ھەم چوڭ، قارىماققا شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بايراققا ئوخشايدۇ. ئىككىنچىسى، قىسقا ھەم كىچىك بولۇپ، قۇيرۇق دەستىسى قىسمىدا بولىدۇ.



ئاستا ئۈزگەندە چوڭ دۈمبە ئۈزگۈچىسىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شامال يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ.

يۆگەپ ئەكىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلار ئاستا ئۈزگەن ۋاقىتتا دۈمبە ئۈزگۈچىسىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شامال يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. سۈرئىتىنى تېزلەتمەكچى بولسا، دۈمبە ئۈزگۈچىسىنى يىغىۋېلىپ، قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەلكەنبېلىقنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقى سۇنى تېز سۈرئەتتە يارالايدىغان بولۇپ، خۇددى پالاق بىلەن كېمە ھەيدىگەندەك، ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ.

## كىچىك سىناق



❓ يەلكەنبېلىقنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقىنىڭ سۇنى يېرىشتىن باشقا يەنە قانداق رولى بار؟

✅ يەلكەنبېلىقنىڭ ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئۇچلۇق تۇمشۇقى خۇددى ئۆتكۈر قىلىچقا ئوخشايدۇ. ئۇ دائىم تېز سۈرئەتتە ئۈزۈپ، ئۇزۇن، ئۆتكۈر تۇمشۇقىنى باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ تېنىگە سانجىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سەكرىگۈچى بېلىق نېمە ئۈچۈن دەرەخكە يامشالايدۇ؟

بېلىقلار ئىچىدە ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بىر خىل بېلىق بار، ئۇ بولسىمۇ دەرەخكە يامشالايدىغان سەكرىگۈچى بېلىق بولۇپ، «سەكرىگەك بېلىق»، «پاتقاق مايمۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى، غەربىي ئافرىقا ۋە تىنچ ئوكيان ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز بويى رايونلىرىدا ياشايدۇ. قۇملۇقلاردا ئۆملەپلا قالماي يەنە دۆڭگە چىقالايدۇ، ھەتتا دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىدۇ. سەكرىگۈچى بېلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭ كارامىتى بولىدىغاندۇ؟ ئەسلىدە،ئۇنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە سانتىمېتىرلا بولسىمۇ، بىراق كۆكرەك ئۈزگۈچىسى ئالاھىدە يېتىلگەن، كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنىڭ مۇسكۇللىرى تولم



دەرەخكە يامشالايدىغان سەكرىگۈچى بېلىق



سەكرىگۈچى بېلىق ياغاچ قوزۇقلارغا يامىشىپ چىقىپ، سۇ ئۈستىدە ئەركىن نەپەس ئالالايدۇ.



سەكرىگۈچى بېلىق ياغاچ قوزۇق ئارىسى-دىن سەكرەپ ئۆتەلەيدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

سەكرىگۈچى بېلىقنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئۆتكۈر بولۇپ، بىر كۆزىنى مەخسۇس يېمەكلىك تېپىشقا ئىشلىتىدۇ، يەنە بىر كۆزىنى بولسا مەخسۇس قارا-ۋۇللۇق قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. كۈشەندىسىنى سەزگەن ھامان، دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشىۋالىدۇ ياكى تۆشۈكلەرگە كىرىۋالىدۇ.



سەكرىگۈچى بېلىقنىڭ كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنىڭ مۇسكۇللى تەرەققىي قىلغاچقا، ئالدى پۇتىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئۈزىرىپ-قىسقىرالايدىغان بىلەككە ئوخشايدۇ. دەل مۇشۇنداق ئالاھىدە كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنىڭ تۈرتكىسى ھەمدە بەدىنىنىڭ كۈچلۈك ئېلاستىكىلىق سەكرەش كۈچى ۋە قۇيرۇق ئۈزگۈ-چىسىنىڭ ئىتتىرىش كۈچى ئارقىلىق، سۇ بىلەن قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدا ئەر-كىن ھەرىكەت قىلالايدۇ.

**كىچىك سىناق**

? سەكرىگۈچى بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قانداق نەپەسلىنىدۇ؟

✓ سەكرىگۈچى بېلىق ساقىقى بىلەن نەپەسلىنىدۇ، يەنە ئۇنىڭ قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭمۇ نەپەسلىنىش ئىقتىدارى بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە تېرىسى ۋە ئېغىز بوشلۇقى يېپىشقاق پەردىسى ئارقىلىقمۇ نەپەسلىنەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن توغرىسىغا ماڭىدۇ؟

نۇرغۇن ھايۋانلار، بولۇپمۇ كۆچۈش ئادىتى بار ھايۋانلار يەر ماگنىت مەيدانىغا تايىنىپ نىشانغا ھۆكۈم قىلىدۇ. قىسقۇچپاقا بىر خىل قەدىمىي كۆچۈش ئادىتى بار ھايۋان، ئۇمۇ يەر ماگنىت مەيدانىغا تايىنىپ نىشانىنى پەرقلەندۈرىدۇ. قىسقۇچپاقىنىڭ ئىچكى قۇلىقىدا يۆنىلىشلىك ماگنىت بولۇپ، يەر ماگنىت مەيدانىغا ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ. يەر شارى پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئۇزاق جەرياندا، يەر شارىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي ماگنىت قۇتۇپلىرىدا كۆپ قېتىم تەتۈر ئايلىنىش يۈز بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن قىسقۇچپاقىنىڭ تېنىدىكى كىچىك ماگنىت ئەسلىدىكى يۆنىلىش بەلگىلەش رولىنى يوقاتقان. قىسقۇچپاقا يەر ماگنىت مەيدانىنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىدا ھايات قېلىش ئۈچۈن، ئالدىغىمۇ

ئوتتاشتەك قىزىل مارجان قىسقۇچپاقىسى ناھايىتى زومىگەر كۆرۈنىدۇ.



ئۆمۈچۈكسىمان قىسقۇچپاقا قارىماققا ئۆمۈچۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ.



### بىلىۋېلىڭ



پارازىت قىسقۇچپاقا دائىم دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ قۇرۇق قېپىنى يۈدۈۋالىدۇ.

پارازىت قىسقۇچپاقا دەيدىغان بىر خىل قىسقۇچپاقا بار، ئۇنىڭ دۈمبىسىدە دائىم بىر دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ قېپى يۈدۈكلۈك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پارازىت ياشايدىغان ئۆيى ھېسابلىنىدۇ. بەدىنىنىڭ ئاستا - ئاستا چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، پارازىت قىسقۇچپاقىمۇ چوڭ ئۆي ئالماشتۇرىدۇ.



كوكس قىسقۇچپاقىسى كوكس يېيىشكە ئامراق، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بەك كۈچلۈك بولۇپ، كوكس قېپىنى تېشەلەيدۇ.

ئىلگىرىلىيەلمەي، ئارقىغىمۇ چېكىنەلمەي، توغرىسىغا ماڭغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىسقۇچپاقىنىڭ كۆكرەك قىسمىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپى ئالدى - ئارقا تەرىپىدىن كەڭ، سەككىز تال پۇتى بەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سوزۇلغان، ئالدى بوغۇمى پەقەت تۆۋەنگىلا ئېگىلەلەيدۇ. مۇشۇ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قىسقۇچپاقىنىڭ توغرىسىغىلا مېڭىشىنى بەلگىلىگەن.

### كىچىك سىناق



? قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتا يۇرسىمۇ ئۇسساپ ئۆلۈپ قالمايدۇ؟

✓ قىسقۇچپاقا ئادەتتە سۇدا ياشايدىغان بولۇپ، ساقىقى بىلەن نەپەس ئالىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ساقىقى سۇ ساقلىيالايدىغان بولغاچقا، سۇدىن ئايرىلغان ھالەتتىمۇ ئاسانلىقچە ئۆلۈپ قالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تىمساھ نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟

تەبىئىتى يىرتقۇچ، ۋەھشىي تىمساھ ئۆلجىسىنى يەۋاتقاندا دائىم توختىماي ياش تۆكىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقىنىمۇ ياكى قەستەن مېھرىبان قىياپەتكە كىرىۋالغىنىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئەسلىي تىمساھنىڭ بۆرىكى رودىمېنتلاشقان بولۇپ، دېڭىزدا ياشايدىغان تىمساھلار كۈنگە زور مىقداردا تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى ئىچىۋالىدىكەن، بۇنچە كۆپ تۇز مىقدارىغا تىمساھلار قانداقمۇ چىدىسۇن؟ ئەنسىرىمەڭ، تىمساھنىڭ كۆز چانىقىدا مەخسۇس تۇز مىقدارىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان زاۋۇتى بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ياش ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بىر كىچىك خالتىدىن ئىبارەت. بۇ كىچىك خالتا ئارتۇقچە تۇز مىقدارىنى قويۇلدۇرۇپ كۆزى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇڭا، تىمساھنىڭ يىغلىشى پەقەت بىر خىل نورمال فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس بولۇپ، ھەرگىزمۇ ساختا مېھرىبان بولۋالغىنى ئەمەس.



بەزى تىمساھلار قىرغاققا يېقىن ساھىللاردا ياشايدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

گەرچە تىمساھنىڭ كۆرۈنۈشى ۋەھشىي، سەت بولسىمۇ، بىراق ئۆز باللىرىغا تولىمۇ مېھرىبان. ئادەتتە تۇخۇم تۇغۇشنىڭ ئالدىدا، چىشى تىمساھ ئوت - چۆپلەردىن بىر «يۇمشاق كارىۋات» تەييارلايدۇ، تۇخۇم بېسىش جەريانىدا تۇخۇمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدۇ، تىمساھ بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپ، ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە يامىشىۋېلىپ يەم ئىزدەيدۇ. يېرىم يىلدىن كېيىن ئاندىن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.



تۇخۇمدىن چىقىۋاتقان تىمساھ بالىسى



تىمساھ ئۆلجىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى سۇغا سۆرەپ چۈشىدۇ.



### كىچىك سىناق

? تىمساھ قاچان پەيدا بولغان؟

✓ تىمساھ بىلەن دىنوزاۋرلار بىر تۇغقان بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1 مىليارد 400 مىڭ يىل ئىلگىرىلا يەر شارىدا ياشىغان. تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، دىنوزاۋرلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن، لېكىن تىمساھ بۈگۈنگىچە قەيسەرلىك بىلەن كۆپىيىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن يامغۇر پاقىسى ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ؟



يامغۇر پاقىسىنىڭ سايراش خالتىسى ناھايىتى چوڭ كۆپىدۇ، بەزىدە ھەتتا تېنىدىنمۇ چوڭ بولۇپ كېتىدۇ.

يامغۇر پاقىسى «ناخشىچى» بولۇپلا قالماي يەنە نامى چىققان ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچىدۇر. ئەگەر ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، ھاۋا چوقۇم ئوچۇق بولىدىكەن؛ ناۋادا، ئۇ دەرەختىن چۈشۈۋېلىپ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بولسا، ھاۋا چوقۇم تۇتۇلىدىكەن. بۇ زادى نېمە ئۈچۈندۇ؟ ئەسلىدە ھاۋا ئوچۇق، قۇرغاق ۋاقىتتا ھاشاراتلار بىرقەدەر ئېگىز ئۇچىدۇ، يامغۇر پاقىسى ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن چوقۇم دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ؛ يامغۇر ياغىدىغان چاغدا

### بىلىۋېلىڭ



يامغۇر پاقىسى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ.

يامغۇر پاقىسى رەڭ ئۆزگەرتىش ماھىرى. يازدا ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇس، قەھرىتان سوغۇقتا قېنىق بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە قېنىق رەڭلىك بولۇپ، كۈندۈزى ھاۋا ئوچۇق بولغاندا ياكى سۇس رەڭلىك نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغاندا، رەڭگىمۇ سۇسلايدۇ، قاراڭغۇ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تېرىسىنىڭ رەڭگى قېنىقلايدۇ.



هاۋا تۇتۇق يامغۇرلۇق كۈنلەردە يامغۇر پاقىسى يەردە هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.



ياز كۈنلىرى يامغۇردىن كېيىن كىشىلەر پاقىنىڭ كۇركىرىشىنى ئاڭلايدۇ، بۇ يامغۇر پاقىلىرىنىڭ توپلىشىپ ناخشا ئېيتقىنى.

هاۋانىڭ نەملىكى يۇقىرى بولۇپ، هاشاراتلارنىڭ قانىتىغا سۇ تامچىلىرى چاپلىشىۋېلىپ ئېگىز ئۇچالمايدۇ، يامغۇر پاقىسىمۇ ئۇلارنى يەردە ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر يامغۇر پاقىسىنىڭ دەرەختە چىقىۋېلىشى ۋە دەرەختىن چۈشۈشىگە قاراپ هاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە هۆكۈم قىلسا بولىدۇ.



### كىچىك سىناق

❓ يامغۇر پاقىسىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قەيېرىدىن چىقىدۇ؟

✅ يامغۇر پاقىسى ئاۋاز خالتىسىدىن ئاۋاز چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋاز خالتىسى بىر چوڭ «ياڭراتقۇ»غا ئوخشايدىغان بولۇپ، شارغا ئوخشاش كۆپىدۇ، قانچە چوڭ كۆپسە، ئاۋازى شۇنچە ياڭراق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن تاشپاقىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ؟



تاشپاقا بەك ئۇزۇن ئۆچەككە كىرىدۇ.

ھايۋاناتلار پادىشاھلىقىدا تاشپاقا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چېمپىيونى دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئۇلار قانداقسىگە شۇنچە ئۇزۇن ياشىيالايدىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، قاتتىق قاسىرىقى ئۇنىڭ بېشى، قورسىقى، تۆت پۇتى ۋە قۇيرۇقىنى سىرتتىن كېلىدىغان زەخمىدىن قوغداپ تۇرىدۇ. تاشپاقا يەنە ئۇيقۇ خۇمارى بولۇپ، قىشتىمۇ، يازدىمۇ ئۆچەككە كىرىدۇ، بىر يىل ئىچىدە ئون ئاي ئەتراپىدا ئۇخلايدۇ. بۇنداق بولغاندا مېتابولىزمى (ماددا ئالمىشىشى) ناھايىتى ئاستا بو-



ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چېمپىيونى — تاشپاقا

**بىلىۋېلىڭ**



غايەت زور تاشپاقا

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاشپاقا پىلسىمان تاشپاقا. ئۇنىڭ تۆت پۇتى پىلنىڭ توم پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئەڭ چوڭ تاشپاقا بولۇپلا قالماي، يەنە نەچچە يۈز ياشقىچە ياشىيالايدۇ. پىلسىمان تاشپاقا ناھايىتى چوڭ بولغىنى بىلەن مىجەزى بەك مۇلايىم، ئەزەلدىن گۆش يېمەي، يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىلا يەيدۇ.



تېنى تانكىغىلا ئوخشايدىغان پىلسىمان تاشپاقا

لۇپ، ئېنېرگىيىنىڭ خورىشىمۇ ئاز بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تاشپاقىنىڭ يۈرەك فۇنكسىيىسى بىرقەدەر كۈچلۈك، بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھايۋاناتشۇناسلارنىڭ بايقىشىچە، تاشپاقىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس نەپەسلىنىش ئۇسۇلى ۋە ناھايىتى ئاستا بولغان ھۈجەيرە بۆلۈنۈشى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.



**كىچىك سىناق**

? تاشپاقا نېمە ئۈچۈن ئېغىر قېپىنى يۈدۈپ يۈرىدۇ؟

✓ كۈشەندىلىرىگە يولۇقۇپ قالغاندا، ھەرىكىتى ئاستا بولغان تاشپاقا باش ۋە پۇتلىرىنى تۈگۈپ قاتتىق قېپى ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېغىر قېپى ئۆزىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن كۆزەينەكلىك يىلان مۇزىكىنى ئاڭلىسا ئۇسسۇل ئوينايدۇ؟



كۆزەينەكلىك يىلان تىك تۇرۇپمۇ ئوڭ-سولغا تەۋرىنىدۇ.

ھىندىستاننىڭ يىلان ئوينىتىش ئويۇنى دۇنياغا داڭلىق. يىلان ئويناتقۇچىلار نەي چېلىپ بەرسە، يىلانلار مۇزىكىغا ئەگىشىپ رىتىملىق تولغىنىدۇ. كۆزەينەكلىك يىلان راستتىنلا مۇزىكىنى ئاڭلاپ ئۇسسۇل ئوينامدىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە، يىلاننىڭ ئاڭلاش سەزگۈرلۈكى تۆۋەن، ئۇ پەقەت چاستوتىسى تۆۋەن ئاۋازلارنىلا ئاڭلىيالايدۇ. شۇڭا، يىلان ئويناتقۇچىلارنىڭ چالغان نەيىگە نىسبەتەن ئۇنىڭدا ئىنكاس بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇزىكىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، كۆزەينەكلىك يىلان يىلان ئويناتقۇچىلار پۇتىنى يەرگە



ئازراقلا شەپە بولسا، ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى كۆزەينەكلىك يىلان ھوشيارلىق بىلەن ھەممە ياققا قارايدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

يىلاننىڭ ئاڭلاش سېزىمى تۆۋەن، چۈنكى ئۇنىڭ سىرتقى، ئوتتۇرا قۇلىقى، قۇلاق پەردىسى ۋە قۇلاق - يۇتقۇنچاق نەيچىسىمۇ يوق. شۇڭا، ھاۋادىن تارقالغان ئاۋاز دولقۇنىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.



**كۆزەينەكلىك يىلان پادىشاھى**
ئۇ كۆزەينەكلىك يىلانلار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىيى، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك يىلان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇرغاندىكى تىترەشنى سېزەلەيدۇ. كۆندۈرۈلگەن يىلانلار شەپىنى سېزىپ قالغان ھامان بېشىنى كۆتۈرۈپ غەزەپلىنىدۇ، بويۇن قىسمى كۆپۈپ، يىلان ئويناتقۇچىغا تىكـ-لىپ قارايدۇ. ئۇ يىلان ئويناتقۇچىنىڭ بە-دىنىنىڭ ئوياق - بۇياققا تولغىنىشىغا ئە-گىشىپ بېشىنى بۇراپ، پۇرسەت تېپىپ يىلان ئويناتقۇچىنى چېقىۋالماقچى بولىدۇ. تا-ماشىبىنلار بۇنى كۆزەينەكلىك يىلان يىلان ئويناتقۇچىنىڭ نەي ئاۋازىغا ئەگىشىپ ئۇ-سۇل ئويناۋاتىدۇ، دەپ قالىدۇ.



كۆزەينەكلىك يىلان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇ پەقەت يەرنىڭ تىترىشىنى سېزىپ ئەتراپقا قارايدۇ.



**كىچىك سىناق**

❓ نېمە ئۈچۈن ئوت ئورۇش يىلاننى چۆچۈتۈۋېتىدۇ؟

✅ يىلان يەر يۈزىدىن تارقالغان تىترەشكە نىسبەتەن بەكلا سەزگۈر. شۇڭا، كىشىلەر ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ماڭغاندا، تاياق بىلەن يەرگە ئۇرسا ياكى يەرگە چىڭراق دەسسەپ ماڭسا، يىلان قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خانقىزنىڭ كۆشەندىسىدىن قوتۇلىدىغان قانداق چارىلىرى بار؟



خانقىزنىڭ تۇخۇم تۇغۇشى

بەدەن شەكلى كىچىك ھاشاراتلارنىڭ كۆشەندىسىدىن يوشۇرۇنۇش ۋە ئۇلارنى قوغلىۋېتىش چارىلىرى كۆپ. خانقىزمۇ ئەشەددىي كۆشەندىسىگە يولۇققاندا، يوشۇرۇنۇش چارىسىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى خىل چارىسى — ئۆلگەن بولۇۋېلىش. كۆشەندىسى ھۇجۇم قىلغاندا ياكى سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، خانقىزدا غەلىتە بىر خىل ھالەت — «نېرۋىسى شوك بولۇپ قېلىش» كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ خۇددى ئۆلۈك قورتتەك مىدىر - سىدىر قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ئەسلىگە كېلىپ، يەنە ھوشىغا كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان كۆشەندىسى ئاللىقاچان كېتىپ قالىدۇ. خانقىزنىڭ ئىككىنچى خىل

**بىلىۋېلىڭ**

خانقىزنىڭ دۈمبىسىدىكى چېكىتلەر چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ يېشىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خانقىزنىڭ چېكىتلىرى ئىككى خىل ئاساسىي رەڭ، يەنى سۇس رەڭ (قىزىل، سېرىق، قوڭۇر ياكى ئاق رەڭ) ۋە قېنىق رەڭ (ئاساسلىقى قارا رەڭ) دىن تۈزۈلگەن. ئوخشاش خىلدىكى خانقىزلاردىن رەڭگى قېنىقراقىنىڭ يېشى چوڭراق بولىدۇ. چېكىتى يوق خانقىزلار تېخى چېكىت چىقمىغان كىچىك خانقىزلار (خانقىز بالىلىرى) بولۇشى مۇمكىن.



بەزى خانقىزلارنىڭ دۈمبىسىدىكى چېكىتلىرى جۈپ، بەزىلىرىنىڭ ئاز.

بەزى خانقىزلار ئىنسانلارغا پايدىلىق، چۈنكى ئۇلار مەخسۇس زىرائەتلەرنىڭ زىيانداش ھاشاراتلىرىنى يەيدۇ.



چارىسى بولسا، سېسىق پۇرايدىغان سۇيۇق-لۇق قويۇپ بېرىش. خانقىزنىڭ پۇت بوغۇ-مىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر خىل سېرىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ، بۇ خىل سۇ-يۇقلۇقنىڭ پۇرىقى سېسىق ھەم ئاچچىق بولۇپ، كۈشەندىلىرىنى بىئارام قىلىدۇ، ھەتتا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يېيىشكە ئامراق قۇشلارمۇ بۇ پۇراقنى پۇراپ قالسا بەدەر قاچىدۇ.



يەتتە چېكىتلىك خانقىز



كىچىك سىناق

؟ خانقىزلار ئائىلىسىدە قايسىسىنىڭ چېكىتى ئەڭ كۆپ؟

✓ ئەلۋەتتە 28 چېكىتلىك خانقىزنىڭ. ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ناھايىتى زىچ 28 تال چېكىتى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



# نېمە ئۈچۈن يىڭناغۇچ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزىدۇ؟



يىڭناغۇچنىڭ يېتىلگەن قۇرتى ھاۋادا ياشايدۇ.

يازدا بىز دائىم ئىككى يىڭناغۇچنىڭ ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى، بەزىلىرىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىۋالغانلىقىنى، ئېخىمۇ قىزىقارلىقى، قۇيرۇقىنى خۇددى ئويناۋاتقاندەك سۇغا تەگكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يىڭناغۇچ نېمە ئۈچۈن قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزىدىغاندۇ؟ ئەسلىدە، يىڭناغۇچ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھاشارات بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ لىچىنكىسى سۇدا ياشايدۇ. يىڭناغۇچ بىلەن ھاشاراتلار ئىچىدىكى پاشا، چېكەتكە قاتارلىقلار ئەۋلاد

### بىلىۋېلىڭ



بەزى يىڭناغۇچلار تۇخۇمىنى سۇ ئوتلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇغىدۇ.

يىڭناغۇچ تۇخۇم، لىچىنكا ۋە يېتىلگەن قۇرتتىن ئىبارەت ئۈچ جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. لىچىنكىسى سۇ چايىنى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شەكلى بىز دائىم كۆرىدىغان يىڭناغۇچقا پەقەت ئوخشىمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئۈچ جۈپ پۇتى بولسىمۇ، ئۇچىدىغان قانىتى بولمايدۇ. لىچىنكىسى سۇدا بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن، ئاندىن سۇ ئاستىدىكى ئوت ـ چۆپلەرگە يامىشىپ سۇ ئۈستىگە چىقىپ، تېرە تاشلاپ يىڭناغۇچقا ئايلىنىدۇ.

قالدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سۇ بار جايغا تۇخۇم تۇغۇشى، ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى سۇدا بېسىشى كېرەك. شۇڭا، يىڭناغۇچ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزۈپ تۇخۇمنى سۇغا تۇغىدۇ. تۇخۇم سۇغا چۈشكەندىن كېيىن سۇ ئۈتلىرىغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا لىچىنكا بولۇپ يېتىلىدۇ. لىچىنكا سۇدا بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن سۇ ئۈتلىرىنىڭ شاخلىرىنى بويلاپ سۇ ئۈستىگە چىقىپ، قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىدىغان يىڭناغۇچقا ئايلىنىدۇ.



يىڭناغۇچ سۇ بار جايدا ياشاشقا ئامراق، بۇ ئۇنىڭ تۇخۇم تۇغۇشىغا پايدىلىق.

**كىچىك سىناق**

? نېمە ئۈچۈن بەزىدە ئىككى يىڭناغۇچ بىر - بىرىنى چىشلىشىپ تۇرىدۇ؟

✓ يىڭناغۇچ يېتىلگەندىن كېيىن كۆپىيىش مەزگىلىدە جۈپلىشىدۇ. ئەركەك - چىشى يىڭناغۇچلار ئالدى - كەينى ئۇچۇپ، بىر - بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ جۈپلەشكىنى، جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىن چىشى يىڭناغۇچ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزۈپ تۇخۇم تۇغىدۇ.



www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن بامبۇكسىمان قۇرتنى «نىقابلىنىش ئۇستىسى» دەيمىز؟



دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ھاشارات — بامبۇكسىمان قۇرت.

بامبۇكسىمان قۇرت داڭلىق «نىقابلىنىش ئۇستىسى». چۈنكى، تېنى ۋە پۇتلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ مىدىرلىمىسا، قارىماققا قۇرۇپ قالغان شاخقىلا ئوخشايدۇ. بامبۇكسىمان قۇرت يەنە تېنىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەتراپتىكى مۇھىتتا ئۆزگىرىش بولسىلا، بامبۇكسىمان قۇرتمۇ ماس ھالدا يېشىل، قوڭۇر ياكى سېرىق رەڭلەرگە ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە، ئۇنىڭ تەن رەڭگى تۇتۇق رەڭگە، تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە بولسا بوز رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. بەزى بامبۇكسىمان قۇرتلارنىڭ قانىتى بار بولۇپ، رەڭگىمۇ ئىنتايىن كۆركەم بولىدۇ. ئۇ ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئۇچقاندا، قانىتىدىن چاقنىغان رەڭلىك نۇر كۆشەندىسىنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ. بامبۇكسىمان



بامبۇكسىمان قۇرت گۈل ياكى دەرەخ يوپۇرمىقى ئۈستىدە تۇرسا، ئاسانلا قۇرۇپ قالغان شاخمىكىن دەپ قالىمىز.

### بىلىۋېلىڭ



بامبۇكسىمان قۇرت پۈت ـ قول-لىرىنى ئۈزۈۋېتىش ئۇسۇلى بى-لەن قېچىپ كېتىدۇ.

بامبۇكسىمان قۇرت گەرچە چانمىغۇدەك نىقابلىنىۋالسى-مۇ، ھىيلىگەر كۆشەندىسى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. بىراق، ئۇ تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، يەنە ئاخىرقى جان قۇتقۇزۇش ئامالىنى ئىشقا سېلىپ، پۇت ـ قوللىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، تېزلىكتە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا يېڭى پۇت ـ قوللار ئۆسۈپ چىقىدۇ.

قۇرت يەرگە قونۇپ قانىتىنى ياپقاندا، ئۇ نۇرمۇ غايىب بولىدۇ. ئۆزگە خاس سىرتقى شەكلى ۋە رەڭ ئۆزگەرتىشتەك ئالاھىدە ماھارىتى بامبۇكسىمان قۇرتنى ناھايىتى ياخشى نىقابلاپ، كۆشەندىلىرىنى ئاسانلا ئالدىۋېتەلەيدۇ.



بامبۇكسىمان قۇرت قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرى-ۋېلىپ، قۇرۇق دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئارى-لىشىپ كېتىدۇ.



بامبۇكسىمان قۇرت كۆشەندىسىنى بايقىغان ھامان مىدىر ـ سىدىر قىلمايدۇ.

### كىچىك سىناق

❓ بامبۇكسىمان قۇرت دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ھاشاراتمۇ؟

✅ بامبۇكسىمان قۇرتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 ~ 20 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇزۇنلىرى 33 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ھاشارات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن تومۇزغا توختىماي ناخشا ئېيتىدۇ؟



تومۇزغىنىڭ بىر يۇرۇش مۇكەممەل مۇزىكا ئورۇنداش ئەسلىھەسى بار. ئۇ قالتىس «ناخشىچى».

ھەر يىلى يازدا بىز تومۇزغىلارنىڭ جاراڭلىق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلايمىز. ئۇلار دەرەخ شاخلىرىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، خۇددى يېقىملىق مۇزىكا ئورۇنداۋاتقاندەك ھېلى يۇقىرى، ھېلى تۆۋەن ئاۋازدا چىرىلدايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاۋا ئىسسىغانسېرى تومۇزغىنىڭ ئاۋازى شۇنچە شادىيانە، چىرىلداش ۋاقتىمۇ شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ. تومۇزغا ناخشا ئېيتىشقا نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئامراقتۇ؟ ئەسلىدە ناخشا ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەركەك تومۇزغىلار، ئۇلار ناخشىسى بىلەن چىشى تومۇزغىلارنى جەلپ قىلىپ جۈپلىشىپ، تومۇزغا باللىرىنى تۇغۇپ نەسىل قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى



تومۇزغىلار يازدا ئورمانلىقلاردا توپلىشىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

تومۇزغىنىڭ ۋاقىت قارىشى بەك كۈچلۈك، ئۇلار يەر ئاستىدا لىچىنكىدىن قۇرت بولۇپ يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق ۋاقىتتا يەر يۈزىگە چىقىدۇ. 17 يىللىق تومۇزغا دەيدىغان بىر خىل تومۇزغا دائىم 17 يىللىق «دوزاخ» تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن يەر يۈزىگە چىقىدۇ.


تومۇزغا تېرە تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن دەرەخكە ئۇچۇپ بېرىپ ياشايدۇ.

ئورۇندايدىكەن. شۇڭا، كۆپىيىش مەزگىلى كەلگەن هامان، ئەركەك تومۇزغا ئەتىگەندىن كەچكىچە توي مۇزىكىسى ئورۇنداۋاتقاندەك توختىماي سايرايدىكەن. بىراق، ئەركەك - چىشى تومۇزغىلار جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئەركەك تومۇزغىنىڭ ناخشىسىمۇ ئاران بىر ياز داۋاملىشىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار «ئۆمرى قىسقا ناخشىچى» دەپمۇ ئاتالغان.


تومۇزغا بالىسى يەر ئاستىدا ياشايدۇ.



### كىچىك سىناق

❓ تومۇزغا ئاۋازىنى قانداق چىقىرىدۇ؟

✔ ئەركەك تومۇزغىنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئېلاستىك قۇلاق پەردىسى بار. تومۇزغا مۇسكۇلىنىڭ تارتىشىشى ئارقىلىق تېنىنى تىترىتىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. قۇلاق پەردىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بوشلۇق بولۇپ، ئاۋاز چىقىرىش ئەسۋابىغا ئوخشاش ئاۋازنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ.

# كېپىنەك كېپىنەك قۇرتىدىن ئۆزگەرگەنمۇ؟



قورقۇنچلۇق كېپىنەك قۇرتى كېيىن كېپىنەككە ئۆزگىرىدۇ.

كېپىنەكلەرنىڭ كۆركەم، رەڭدار كىيىملەر-
نى كىيىشىپ، باغلاردا ئۇسسۇل ئوينىغان قىياپە-
تى نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! كېپىنەك ئەڭ
چىرايلىق ھاشاراتلارنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ گۈللىرى
ھەر خىل، شەكلى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بە-
زى كېپىنەكلەر پارقىراق رەڭ پارچىلىرىنى يې-
پىنىۋالغان، قاناتلىرىدا يەنە چىرايلىق گۈللىرىمۇ
بار. ھەممە كىشى كېپىنەكنىڭ گۈزەللىكىنى
ماختىشىدۇ، بىراق ئۇ تۇغۇلۇ-
شىدىلا ئۇنداق گۈزەل ئەمەس.
ئۇ چوڭ بولغۇچە تۆت باسقۇچنى
بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ: ئالدى بە-
لەن ناھايىتى كىچىك تۇخۇم
ھالىتىدە بولىدۇ؛ تۇخۇم بېسىل-
غاندىن كېيىن كېپىنەك قۇر-
تىغا ئايلىنىدۇ؛ قىشتا كېپىنەك

ھەر خىل كېپىنەكلەر



### بىلىۋېلىڭ



كېپىنەك قورچاق ئىچىدىن چىقىدۇ.

كېپىنەكنىڭ قانىتى گەرچە قۇشلارنىڭكىدەك تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى يىراققا ئۇچالايدۇ. بەزى كېپىنەكلەر ھەتتا توپ قاتار بولۇشۇپ دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ياشاشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان جايغا كۆچىدۇ.




كېپىنەكنىڭ يېتىلىش جەريانى

قۇرتى يەنە قورچاققا ئۆزگىرىدۇ؛ باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلغاندا، قورچاقتىن چىقىپ، چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ كېپىنەككە ئايلىنىشىنى سەت ئۆردەكنىڭ ئاق قۇغا ئايلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

### كىچىك سىناق



❓ كېپىنەكنىڭ ئىنسانلارغا پايدىسى بارمۇ؟

✔ بىز ئادەتتە ئۇچرىتىدىغان كېپىنەكلەر گۈل چېڭى تارقىتىدىغان بولۇپ، پايدىلىق ھاشارات، بىراق ئۇلارنىڭ لىچىنكىسى — كېپىنەك قۇرتى دائىم زىرائەتلەرنى يەپ، ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇسسۇلى قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟


ھەسەل ھەرىسىنىڭ شىرنە يىغىشى

باھار كېلىپ، ھاۋا ئىللىپ، گۈللەر ئېچىلغاندا، ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرى يەنە ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ھەسەل مەنبەسى ئىزدەشكە مەسئۇل بولغان «رازۋېدكا شۆبە ئەترىتى» تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى گۈل شىرنىسىنى تېپىش ئۈچۈن، ھەتتا نەچچە مىڭ مېتىر يىراق جايلارغىمۇ بارىدۇ. ئۇلار شىرنە مەنبەسىنى تاپقاندىن كېيىن ئازراق گۈل شىرنىسىنى سۈمۈرۈۋېلىپ، خۇشال ھالدا ئۇۋىسىغا قايتىدۇ. ھەمراھلىرىنى كۆرگەندە، رازۋېدكىچى ھەرە ئۇسسۇل ئويناشقا باشلايدۇ. بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگىنى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ھەمراھلىرىغا شىرنە مەنبەسىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىنىدۇر. ناۋادا، ئۇلار چەمبەر شەكىللىك ئۇسسۇل ئوينىسا،


ھەسەل ھەرىلىرى ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق، ھەمراھلىرىغا شىرنە مەنبەسىنىڭ ئورنىنى ئېيتىدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

ھەسەل ھەرىسى پادىشاھلىقىنىڭ ئەزالىرى بەك كۆپ، بىراق ئۇلارنىڭ ئېنىق ئىش تەقسىماتى بار، ھەممىسى ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئانا ھەرىنىڭ خىزمىتى تۇخۇم تۇغۇش، ئەركەك ھەرىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ئانا ھەرىلەر بىلەن جۈپلىشىش ۋە لىچىنكىلىرىغا قاراش بولۇپ، ئۇۋا ياساش، گۈل شىرنىسى يىغىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشچى ھەرىلەر قىلىدۇ.

ھەمراھلىرىغا شىرنە مەنبەسىنىڭ ئۇۋىغا يېقىن جايدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنى، ئەكسىچە، «8» شەكىللىك ئۇسسۇل ئويناسا، شىرنە مەنبەسىنىڭ يىراق جايدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنى ئىكەن. باشقا ئىشچى ھەرىلەر ھەمراھىنىڭ ئۇسسۇل قىياپىتىگە قاراپ، توپ - توپ بولۇپ گۈل شىرنىسى يىغىشقا ماڭىدىكەن.



ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسى بەك چوڭ، ھەممىسىنىڭ ئېنىق ئىش تەقسىماتى بار، ھېچكىم ھورۇنلۇق قىلمايدۇ.



### كىچىك سىناق

? ھەسەل ھەرىسى قانداق شىرنە يىغىدۇ؟

✓ ھەسەل ھەرىلىرى شىرنە يىغقاندا، گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، نەيچىگە ئوخشاش تىلىنى چىقىرىدۇ - دە، تىلى بىر ئۇزىراپ، بىر قىسقارغاندا، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى «شىرنە قوشۇقى» گۈل شىرنىسىنى سۈمۈرۈۋېلىپ، تىلىنى بويلاپ ئاشقازىنىدىكى شىرنە خالتىسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. ئۇلار شىرنە خالتىسى لىق تولغاندىلا ئاندىن ئىشتىن چۈشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئۆمۈچۈكنى «سەككىز پۇتلۇق سانغۇن» دەيمىز؟



تور توقۇۋاتقان «سەككىز پۇتلۇق سانغۇن»

كىنولاردىكى ئاجايىپ ماھارەتلىك ئۆمۈچۈك پالۋان بىزنى بەك قايىل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، رېئال تۇرمۇشتىكى ئۆمۈچۈكمۇ ئاجايىپ ماھارەتلىك گېنېرالدۇر. ئۆمۈچۈكنى كىشىلەر ئادەتتە «سەككىز پۇتلۇق سانغۇن» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ توقۇغان سەككىز پۇتلۇق توردا، ئۆمۈچۈك يۈگۈرۈپ ياكى سەكرەپ يۈرۈپ ئۆزۈقلۇق تۇتۇپ يېمەيدۇ، بەلكى قورسىقىدىن تور يىپ چىقىرىپ، تۈرلۈك تورلارنى توقۇپ، ئۆزى توقۇغان «ھەربىي چېدىر» نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئولجىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تورغا چۈشۈشىنى ساقلايدۇ. خىلمۇخىل ئۆمۈچۈكلەر ئۆزىگە خاس ھەر خىل تورلارنى توقۇيدۇ، ئۇلار يەنە ھەرخىل مۇھىتتا ھەرخىل

**بىلىۋېلىڭ**

ئۆمۈچۈكنىڭ تېنى باش، كۆكرەك، قورساقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان. باش قىسمىدا بىر جۈپ ئۇتلۇق چىشى، كۆكرەك قىسمىدا سەككىز تال ئىنچىكە، ئۇزۇن پۇتى، قورساق قىسمىدا بىر تور يىپ چىقارغۇچىسى بولىدۇ.



ئۆمۈچۈكنىڭ تەن قۇرۇلمىسى



نۇرغۇن ئۆلجىلار زىچ ئۆمۈچۈك تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.



ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇشىنىڭمۇ بىر يۈرۈش تەرتىپى بولىدۇ.

شەكىلدە تور توقۇيدۇ. بەزى ئۆمۈچۈك تورلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى ئۈچ بۇرجەك، يەنە بەزىلىرى ۋارونكا ياكى بېلىق تورى شەكلىدە بولىدۇ. ئۆمۈچۈكلەر مۇشۇ تورلىرى بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا تورغا يېپىشىپ قالغان كىچىك ھاشاراتلارنى تۇتۇۋېلىپ، مەززە قىلىپ غىزالىنىدۇ.



## كىچىك سىناق

❓ ئۆمۈچۈك ئۆلجىسىنىڭ تورغا يېپىشىپ قالغانلىقىنى قانداق بايقايدۇ؟

✔ ئۆمۈچۈكنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى بەكلا ئاجىز بولۇپ، ئاساسەن كۆرەلمەيدۇ. بىراق، ئۇ ئۆزى توقۇغان تورنىڭ تىترىشى ئارقىلىق ئۆلجىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئورنى ۋە ئۆلۈك - تىرىكلىكىگە توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قارا چېكەتكىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئېغىزىدىن چىقامدۇ؟

ياز كۈنلىرى تومۇزغا دەرەخ شاخلىرىدا ناخشا ئېيتسا، قارا چېكەتكە بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا چىرىلدايدۇ. قارا چېكەتكىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدا ئاۋاز پەردىسى يوق، كېكىردىكىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ قانداق قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ؟ مىكروسكوپ ئاستىدا، ئەركەك قارا چېكەتكىنىڭ يېتىلگەن قۇرتىنىڭ ئالدى قانىتى ئاستىدا پۈرمە سىزىق شەكلىدە قانات پەردىسى بولىدىغانلىقىنى، ئوڭ قانىتىدا ئېكەك شەكىللىك قانات پەردىسى - تارىسى، سول قانىتىدا قاتتىقراق بولغان قانات پەردىسى - چالغۇسى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. قارا چېكەتكە سول قانىتىنى ئوڭ قانىتىغا سۈركىگەندە ئاۋاز چىقىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

ھەر قېتىم كۈپيىش مەزگىلىگە كەلگەندە، ئەركەك قارا چېكەتكە قاناتلىرىنى كۈچەپ تىترىتىپ، يېقىملىق ناخشىسى بىلەن جورا ئىزدەيدۇ. قارا چېكەتكە شىمالدا «تاق - تاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ناخشا ئېيتىشقا ھېرىسمەن بولۇپلا قالماي، يەنە چېلىشىش ماھىرلىرىدۇر. خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئائىلىدە قارا چېكەتكە بېقىشى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان، ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلدارلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە چېكەتكە سوقۇشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.




ئۇ سەكرىگەندە قويرۇقى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

قارا چېكەتكە ئالدى قاناتلىرىنى سۈركەپ ئاۋاز چىقىرىدۇ.

چىشى چېكەتكە ناخشا ئېيتالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قانىتىنىڭ ئاۋاز چىقىرىش ئىقتىدارى يوق.

قارا چېكەتكىنىڭ ئوڭ سول قانىتى پەرقلىق بولىدۇ.









قۇملۇق قارا چېكەتكىسى

ئۇنىڭ ئاۋاز چىقىرىش چاستوتىسىنى قانىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئېغىرلىقى بەلگىلەيدۇ. گەرچە ئۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك مېلودىيە ئورۇندىيالمىسىمۇ، لېكىن ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى تەڭشەپ، يېقىملىق جىرىلدىغان ئاۋاز چىقىرىدۇ. قارا چېكەتكىلەر ئىچىدە يەنە بىرنەچچە خىلىنىڭ ئاۋاز چىقارغۇچىسى يوق. ئۇلار گەرچە ئاۋاز چىقىرالمىسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە ئۇسۇل ئارقىلىق چىشى چېكەتكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزەلەيدۇ، يەنى بەدىنىنى سىلكىش ئارقىلىق ئاۋاز دولقۇنى تارقىتالايدۇ.



### كىچىك سىناق

? چىشى قارا چېكەتكە بىلەن ئەركەك قارا چېكەتكىنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟

✓ چىشى قارا چېكەتكىنىڭ قانىتىدا ئاۋاز چىقىرىش قۇرۇلمىسى يوق، قانىتىنىڭ سىزىقچىلىرى ئەركەك چېكەتكىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئەڭ كۆرۈنەرلىكى، ئۇنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئاخىرىدا بىر ئىنچىكە ئۇزۇن تۇخۇم نەيچىسى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تېزەكچى نېمە ئۈچۈن تېزەك كۇمىلچىنى يۇمىلىتىدۇ؟



چوڭ بولغان تولۇقچىقوڭغۇز (تېزەكچى) مۇ تېزەك كۇمىلچى يۇمىلىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

تېزەكچىنىڭ رەسمىي ئىسمى تولۇقچىقوڭغۇز، ئۇنىڭ تەن شەكلى مەزمۇت، بەدىنى قىسقا، يۇمىلاق، قارا بولىدۇ، ئۈستىدە تىرنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قېزىش قورالى بار؛ ئالدى پۇتى كۈچلۈك بولۇپ، توپ پالىقىغا ئوخشايدۇ؛ ئوتتۇرا ۋە كەينى پۇتلىرىدا ئىلمەك تىكەنلىرى بولۇپ، تېزەكنى ئېلىپ سۆرەشكە ئەپلىك. ئۇنىڭ تېزەك كۇمىلچىنى يۇمىلىتىشى ئويناش ئۈچۈن ئەمەس، ئەسلىدە تېزەكچىنىڭ لىچىنكىسى تېزەك يېگەندە ئاندىن يوغىنىيالايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارغا يېتەرلىك ئوزۇق تەييارلاپ بېرىشى كېرەك. يېتىلگەن چىشى تېزەكچى ئەخلەتلەرنى، بولۇپمۇ ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ گەندە - تېزەكلىرىنى كۆرگەندە، تۇخۇمىنى ئو-



تېزەكچى تۇخۇمىنى تېزەك شارچىسى ئىچىگە تۇغىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئاۋستىرالىيىدە جەمئىي 45 مىليون تۇياق سىغىن كالا بار بولۇپ، بۇلار ھەر كۈنى تېزەكلەپ مۇھىتنى بۇلغىغان. كالا تېزىكى كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاۋستىرالىيە ئېكولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى جۇڭگودىن بىر تۈركۈم تېزەكچىنى ئاۋاستىرالىيىگە ئاپىرىپ، ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كالا تېزىكى قاپلىغان قاقاسلىقنى ئەسلىدىكى كەڭرى يايلاق ھالىتىگە كەلتۈرگەن.



ئاۋستىرالىيە ئوتلاقلىرى

نىڭ ئىچىگە تۇغۇپ، ئاندىن تېزەك-لەرنى ئىشقىلاپ ياڭاقچىلىك چوڭ-لۇقتىكى يۇمىلاق تېزەك كومىلىچىغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېزەكچە-نىڭ بالىسى ئۇنىڭ ئىچىدە يوغىناپ، چوڭ بولغاندا تېزەك كومىلىچى يۇ-مىلىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.






**كىچىك سىناق**

? تېزەكچى تېزەك كومىلىچىنى قانداق دومىلىتىدۇ؟

✓ تېزەكچى ئارقا پۇتى بىلەن تېزەك كومىلىچىنى چىڭ قاماللىۋېلىپ، «ساغرىسى» نى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرۇۋالىدۇ ـ دە، تېزەك كومىلىچىنى ئاستا ـ ئاستا ئىتتىرىپ ئۇدۇل ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ، ئاندىن كېرەك-سىز نەرسىلەر بىلەن چىقىش ئېغىزىنى ئېتىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىش تامام بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# نېمە ئۈچۈن تۆگىقۇش ئۇچالمايدۇ؟



تۆگىقۇشنىڭ قانىتى باللىرىنى يامغۇر - بوراندىن قوغدايدۇ.

تۆگىقۇش كەڭ كەتكەن ئافرىقا يايلاق-
لىرىدا ياشايدۇ. ئۇ گەرچە قۇش تۈرىگە تەۋە
بولسىمۇ، بىراق باشقا قۇشلاردەك قانات قې-
قىپ ئۇچالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەڭ بۇرۇنقى
تۆگىقۇشلار ئۇچالايتتى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت بىپايان ئوتلاق رايونىدا ياشاپ،
يۇمران ئوت - چۆپلەرنى، بەزىدە يەنە كىچىك تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى



تۆگىقۇشنىڭ قانىتىنىڭ ئىقتىدارى چېكىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئۇچۇشنىڭ ئورنىغا ناھايىتى تېز يۈگۈرەيدۇ.

بىلىۋېلىڭ



يېڭى تۇغۇلغان تۆگىقۇش با-
لىسىمۇ باشقا قۇشلاردىن
چوڭ.

تۆگىقۇشنىڭ ئىككى پۇتى توم ھەم كۈچلۈك، بىر تېپىپلا بىر
ئىتنى ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ. ئۇ يەنە قۇشلار ئىچىدىكى ئېگىزگە
سەكرەش چېمپىيونى بولۇپ، 3.5 مېتىر ئېگىزلىككە سەكرىيەلەي-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھى-
رى، يۈگۈرگەندە بىر قەدىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر كېلى-
دۇ. سائىتىگە 60 كىلومېتىر ئەتراپىدا يۈگۈرەيدىغان بولۇپ، ئاتتىن تېز يۈگۈرەلەيدۇ.



تۆگىقۇش بەك يوغان بولۇپ، ئافرىقا يايلىقىدىكى قۇشلارنىڭ ئەڭ زورىمىگىرى.

ھايۋانلار ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى يەيدىغان بولغاچقا، ئۇچۇش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز بولۇپ، قانىتىمۇ چېكىنىپ بارغانچە كىچىكلەپ، ئاستا - ئاستا ئۇچۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۆگىقۇش بەك چوڭ بولۇپ، بەدەن ئېغىرلىقى 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئېغىر بەدەن بىلەن ئۇچۇشمۇ تەس. تۆگىقۇش گەرچە ئۇچالمىسىمۇ، لېكىن بويى ئېگىز، يۈگۈرۈشكە ماھىر بولغاچقا، كۆشەندىسىدىن ناھايىتى تېز قېچىپ قۇتۇلالايدۇ.



## كىچىك سىناق

❓ تۆگىقۇش قانىتىنىڭ قانداق ئىقتىدارى بار؟

✅ تۆگىقۇش گەرچە ئۇچالمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قانىتى ھەقىقەتەن كۆپ ئىقتىدارلىق. ئۇ يۈگۈرگەندە قانىتىنى كېرىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. يەنە تېخى بىر تەرىپىدىكى قانىتىنى كېرىش ئارقىلىق ئەگىلىدۇ، باللىرىنى بوران - چاپقۇندىن ساقلىيالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن شاتۇتى ئادەملەرنى دوراپ گەپ قىلالايدۇ؟



ياۋۇز شاتۇتىنىڭ تۇمشۇقى بەك قاتتىق بولۇپ، مېۋىلەرنىڭ قاتتىق پوستىنى تېشەلەيدۇ.

شاتۇتى تۇتى قۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشى يۇمىلاق، پەيلىرى ھەم كۆركەم، ھەم چىرايلىق، تۇمشۇقى قاتتىق، ئەگمەچ بولغىنى بىلەن ناھايىتى چېۋەر، ھەرىكەتچان. ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە مەشىق قىلدۇرۇشى ئارقىلىق شاتۇتى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى ئادەملەرنى دوراپ گەپ قىلالايدۇ. ئەسلىدە شاتۇتىنىڭ كېكىردەكىدىكى ئاۋازنى كونترول قىلىدىغان مۇسكۇللىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغاچقا، ئاۋازنى ئۇچۇق چىقىرالايدۇ. شاتۇتىنىڭ



شاتۇتىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، دۇنيادا تەخمىنەن 330 خىلدىن ئارتۇق شاتۇتى بار. ئۇلار ئىسسىق بەلۋاغ ياكى سۇبتروپىك بەلۋاغدىكى ئورمانلاردا ياشايدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

شاتۇتى ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلار سىرتقا ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ چىققاندا بىر «قاراۋۇل» نى «پوست»قا قويىدۇ. ناۋادا، بىرەر ھەمراھى بەختسىزلىككە ئۇچرىسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ھەسرەتلىك سايرىشىدۇ.



سۇمرۇغباش شاتۇتى



شاتۇتى ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ مېھرىبان.

تىلى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇمشاق ھەمدە ھەرىكەتچان بولغاچقا، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئاۋازلارنى چىقىرالايدۇ. شاتۇتىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى ياخشى، ئادەملەرنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئەينەن دورىيالايدۇ. شاتۇتىغا سۆزلەشنى مەشىق قىلدۇرغاندا، ئادەتتە تاڭ سەھەر ۋاقتىنى ياكى تىنچراق مۇھىتنى تاللاش كېرەك. دەسلەپتە «ياخشىمۇ سىز»، «قارشى ئالىمىز» دېگەنگە ئوخشاش ئاددىي، قىسقا جۈملىلەردىن باشلاش كېرەك. ھەر كۈنى ئوخشاش بىر سۆزنى تەكرار ئۆگىتىۋەرگەندە، ئۇ بىر جۈملە سۆزنى بىر ھەپتە ئەتراپىدا ئۆگىنىپ بولالايدۇ.






? شاتۇتى ئائىلىسىدە كىمنىڭ دوراش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك؟

✓ نەچچە يۈز خىل شاتۇتى ئىچىدە دوراش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ئافرىقا كۈلرەڭ شاتۇتىسىنىڭ ئەركىكى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ 800 دىن ئارتۇق سۆز ئۆگىنەلەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن فرېگات قۇشىنى «دېڭىز قاراقچى قۇشى» دەيمىز؟



فرېگات قۇشىنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى تېز بولغاچقا، باشقا قۇشلار بوزەك بولۇپ، يېمەكلىكنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويىدۇ.

فرېگات قۇشى ساقىيقۇشلار تۈرى ئىچىدە ئۇچۇشقا ئەڭ ماھىر قۇش، ئۇنىڭ قانىتى ۋە قۇيرۇقى خېلى ئۇزۇن، تېنىمۇ خېلى يېنىك بولغاچقا، ئۇچۇش سۈرئىتى ناھايىتى تېز. فرېگات قۇشى ئۆزى ئولجا تۇتۇشتىن باشقا، دېڭىز قۇشلىرى تۇتقان ئوزۇقنى تارتىۋالىدۇ. ئۇ دائىم ھاۋادىن ئاق قورساق سۇلا قۇشقا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىۋېلىپ، ئۇنى ئاغزىدىكى يېمەكلىكنى چىقىرىشقا قىستايدۇ. باشقا دېڭىز قۇشلىرىنى كۆرۈپ قالسىمۇ، ئۇلارغا ئېسىلىۋېلىپ، يېمەكلىكنى تارتىۋالمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ. شۇڭا، ھاۋادا تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بۇ قۇش «دېڭىز قاراقچى قۇشى» دەپمۇ ئاتالغان.

ئەمەلىيەتتە، فرېگات قۇشىنىڭ پۇتى ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، قورۇقلۇقتا مېڭىشى ئەپسىز، گەرچە ئۇنىڭ ئۇزۇش پەردىسى بولسىمۇ، لېكىن سۇدا ئوخشاشلا بەك كالانپاي ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزى يېمەكلىك ئىزدەپ چىقسىمۇ، يەنە باشقا قۇشلارنىڭ يېمەكلىكىنى تارتىۋېلىپ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىكەن.

## بىلىۋېلىڭ

فرېگات قۇشى تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى كۈچلۈك قانىتى بار، ئوزۇقلۇق تۇتۇشتىكى ئۇچۇش سۈرئىتى 400 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ نۆۋەتتە دۇنيادا بايقالغان ئۇچۇش سۈرئىتى ئەڭ تېز قۇشلارنىڭ بىرى. ئۇ 1200 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپلا قالماي، يەنە ئۇۋىسىدىن 1600 كىلومېتىر يىراقلىقتا توختىماي ئۇچۇپ بارالايدۇ. 12 بال بوراندىمۇ ئاسماندا بىخەتەر ئۇچۇپ ـ قونالايدۇ.



فرېگات قۇشىنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى تېز.



باشقىلار چاڭگا سالىدىغان شاخلارنىمۇ بۇلاپ ئېلىۋالىدۇ.



كىچىك قۇش بېلىق تۇتسا، فرېگات قۇشى ئەگىشىۋالىدۇ.

## كىچىك سىناق



❓ فرېگات قۇشىنىڭ قىزىل كېكىردىكىنىڭ قانداق رولى بار؟

✔ كۆپىيىش مەزگىلىدە، ئەركەك فرېگات قۇشىنىڭ كېكىردىكى كۆپۈپ قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئەركەك قۇش پوكىنىنى بىردەم چوڭايتىش، بىردەم كىچىكلىتىش ئارقىلىق چىشى قۇشنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ياۋا غازلار نېمە ئۈچۈن قاتار تىزىلىپ ئۇچىدۇ؟



كۆچلۈك كۆتۈرۈلگەن هاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، ئۇلار كۆچىنى تېجەپ، لەيلەپ ئۇچىدۇ.

ياز كېتىپ كۈز كەلگەندە، ياۋا غازلار جەنۇبقا قاراپ ئۇچىدۇ. بىز دائىم بىر توپ ياۋا غازنىڭ «—» شەكلىدە ياكى «ᐱ» شەكلىدە تىزىلىشىپ، جەنۇبقا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ياۋا غازلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق «ئىنتىزامچان» بولىدىغاندۇ؟ ئەسلىدە ياۋا غازلار ھەر يىلى باھاردا جەنۇبتىن شىمالغا ئۇچۇپ بېرىپ، كۈزدە يەنە شىمالدىن جەنۇبقا قايتىپ كېلىپ، ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىنى باسىدۇ. بىر توپ ياۋا غاز رەتلىك تىزىلىپ، قاناتلىرىنى رىتىملىك قاققاندا، كۆتۈرۈلگەن

**بىلىۋېلىڭ**

ياۋا غازلار ئۇچقاندا، ئادەتتە «ᐱ» ياكى «—» شەكلىدە قىيپاش تىزىلىپ ئۇچىدۇ ھەمدە قەرەللىك ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. ئارقىدىكى ياۋا غازلار ئالدىدىكى بىر ياۋا غاز پەيدا قىلغان ھاۋانىڭ ئىتتىرىش كۈچىگە تايىنىپ لەيلەپ ئۇچۇپ، قانىتىنى بىردەم ئارام ئالدۇرىدۇ. ئۇلار ئوڭ - سول تەرەپ ئورنىنى قەرەللىك ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپتىكى قانىتىنى ئارام ئالدۇرىدۇ.



باشلامچى ياۋا غاز ئالدىدا ئۇچىدۇ، غازلار توپى «ᐱ» شەكلىدە تىزىلىپ ئۇچىدۇ.



ياۋا غاز چۈجىسى تۇخۇمدىن چىقىپلا، قاتار تىزىلىپ ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۈزىدۇ.

هاۋا ئېقىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل هاۋا ئېقىمى قاتار ئۇچۇۋاتقان ياۋا غازلار-نى يېنىك لەيلىتىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۇچقاندا ئانچە كۈچەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ياۋا غاز توپتىن ئايرىلىپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۇچسا، بۇ مۈشكۈل سەپەرنى تاماملىيالىشى ناهايىتى تەس.



توپنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا ئاندىن ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالايدۇ.



### كىچىك سىناق

❓ ياۋا غازلار قانداق چاغدا «𐐨» شەكلىدە تىزىلىدۇ؟

✅ ياۋا غاز توپىنىڭ سەپ شەكلى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر شامالغا قارشى يۆنىلىشتە بولسا، باشلامچى ياۋا غاز ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ياۋا غازلار توپى «𐐨» شەكلىدە تىزىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تۇز نېمە ئۈچۈن قۇيرۇقىنى ئاچىدۇ؟



ئەركەك تۇزنىڭ قانىتى بەك ئۇزۇن، شۇڭا ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلايدۇ.

تۇز قۇشلار پادىشاھلىقىدىكى ئەڭ چىراي-
لىق قۇشلارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئەركەك تۇزنىڭ
قۇيرۇقى ئېچىلغاندا چوڭ يەلپۈگۈچكە ئوخشاش
ئالاھىدە كۆركەملىشىپ كېتىدۇ. بىراق، تۇزنىڭ
قۇيرۇقىنى ئېچىشى ئۆز گۈزەللىكىنى كۆز -
كۆز قىلغىنى بولماستىن، بەلكى جورا ئىزدى-
گىنى. ھەر قېتىم كۆپىيىش مەزگىلىگە كەلگەندە، ئەركەك تۇز دائىم قۇيرۇقى-
نى ئېچىپ چىشى تۇزنى چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇزنىڭ قۇيرۇقىنى ئېچى-
شىنىڭ يەنە كۈشەندىلىرىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇش رولى بار. چۈنكى، قۇيرۇقى



تۇزلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ.

## بىلىۋېلىڭ


توز قۇيرۇقىنى چىشى توزلارنى جەلپ قىلىش ياكى كۈشەندىسىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئاچىدۇ.

نۆۋەتتە، دۇنيادىكى توزلار ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ياشايدىغان يېشىل توز، ھىندىستان ۋە سىرىلانكىدا ياشايدىغان كۆك توز، يەنە كۆك توزدىن شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئاق توز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.


چىشى توزنىڭ ئەركەك توزنىڭكىدەك چىرايلىق قۇيرۇقى يوق.

ئېچىلغاندا، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇمىلاق داغلار خۇددى يوغان ئېچىلغان كۆزلەرگە ئوخشايدۇ، كۈشەندىلىرى بۇنى كۆرگەن ھامان قېچىپ كېتىدۇ. ھايۋانات باغچىسىدىكى توزلار بەزىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ساياھەتچىلەرنى كۈشەندىسى دەپ قېلىپ، قۇيرۇقىنى ئېچىپ ھەيۋە قىلىدۇ.



## كىچىك سىناق

❓ چىشى توزمۇ قۇيرۇقىنى ئاچامدۇ؟

✔ چىشى توزنىڭ ئەركەك توزنىڭكىدەك چىرايلىق قۇيرۇقى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار قۇيرۇقىنى ئاچمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كاككۇك نېمە ئۈچۈن ئۇۋا سالمايدۇ؟

ھەر يىلى باھار كەلگەندە، بىز كاككۇكنىڭ خۇددى كىشلەرنى تېزرەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزغا چىقىشقا ئۈندەۋاتقاندەك «كاككۇك، كاككۇك» دەپ سايرىغىنىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. لېكىن، كاككۇك ئۆزى ئەزەلدىن ئۇۋا سالمايدۇ، چۈنكى ئۇ تېپىك تەييارتاپ قۇش. ھەر قېتىم كۆپىيىش مەزگىلىدە، چىشى كاككۇك ئاققاش قۇشقاچ (بۇلبۇل)، قومۇش شاخسانغۇچى، قىزىل قۇيرۇقلۇق غورۇلاي قاتارلىق كىچىك قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى سىنچىلاپ تاپقاندىن



كاككۇك تۇخۇم تۇغۇش ۋاقتى كەلگەندە، تۇغىدىغان جاي ئىزدەيدۇ.



نىشان بايقالسا، كاككۇك ئېتىلىپ بېرىپ تۇخۇم بېسىۋاتقان قۇشنى قوغلىۋېتىدۇ.

## بىلىۋېلىڭ



كاككۇك ئاغزىنى يوغان ئې-چىپ، باققان ئانىسى بەرگەن يېمەكلىكنى يەيدۇ.

كاككۇكنىڭ بالا بېقىش ئادىتى ياخشى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ داڭلىق تۇكلۇك قۇرت (قارىغاينىڭ دۈشمىنى) نى تۇتىدىغان قۇش. كاككۇك يەنە باشقا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق زىيانداش قۇرتلىرىنىمۇ تۇتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ئورمان مۇھاپىزەتچىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

كېيىن، يىرتقۇچ بۈركۈتنىڭ ئۇچۇشىنى دوراپ ئېتىلىپ كېلىپ، تۇخۇم بېسىۋاتقان ئانا قۇشنى قوغلىۋېتىپ، ئاشۇ چاڭگىغا تۇغىدۇ، چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چاڭگىدىكى بۇرۇنقى تۇخۇمدىن بىرنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئانا قۇش قايتىپ كېلىپ تۇخۇملارنى بېسىۋېرىدۇ. خۇددى ئۆز بالىسىغا قارىغاندەك، كاككۇك بالىسىنى كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ.



تۇخۇمىنى باشقىلارنىڭ چاڭگىسىغا سېلىپ قويۇپ، چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇۋىدىكى تۇخۇمدىن بىرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

## كىچىك سىناق



❓ كاككۇكنىڭ بالىسىنى باققان ئانا - ئانىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۇخۇمى بىلەن كاككۇك تۇخۇمىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ؟

✅ كاككۇكنىڭ بەستى چوڭ بولسىمۇ، بىراق تۇغقان تۇخۇمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگى ۋە شەكلى ئۆزىنىڭ تۇخۇمىغا ئوخشىغاچقا پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن ھۇۋقۇشنى «كېچە مۈشۈكى» دەيمىز؟

ھۇۋقۇش كۆپ ساندىكى قۇشلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى باش قىسمىنىڭ ئالدى تەرەپ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. كۆز ئالمىسىدا قارىچۇقنىڭ يوغىناپ - كىچىكلىشىنى كونترول قىلىدىغان مۇسكۇلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەيلى كەچ ياكى كۈندۈز بولسۇن، كۆز قارىچۇقى ئوخشاشلا چوڭ بولىدۇ. ھوۋقۇشنىڭ كۆرۈش پەردىسى بىر قەدەر ئاجىز يورۇقلۇقلارنىمۇ سېزەلەيدىغان سىلىندىرسىمان ھۈجەيرىلەر بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، قاراڭغۇدىمۇ كۆرەلەيدىغان بولۇپ، مۈشۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۇۋقۇشنىڭ قۇلىقىنىڭ تۇزۇلۇشى ۋە ئىقتىدارى ئالاھىدە، ئاڭلاش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، ئىككى قۇلىقى ئېگىز - پەس،


ھۇۋقۇش قاراڭغۇدىمۇ ئولجىسىنى دەل تۇتالايدۇ.

### بىلىۋېلىڭ



ھۇۋقۇشنىڭ كۆز ۋە قۇلىقىنىڭ تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولۇپ، كۆرۈش - ئاڭلاش ئىقتىدارى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك.

ھۇۋقۇشنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ كۆرۈش دەرىجىسى ئىنسانلارنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغاچقا، ئادەملەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە ماھارىتى ئۇنى ئورمانلىقتىكى چاشقان يوقىتىش مۇتەخەسسىسگە ئايلاندۇرغان. بىر ھۇۋقۇش بىر يازدا 1000 دىن كۆپ ئېتىز چاشقىنىنى تۇتالايدۇ.



ھۇۋقۇش كەچ كىرگەندە ئالاھىدە سەزگۈرلىشىپ كېتىدۇ.

چوڭ - كىچىك بولۇپ، ئۇلجىسىنىڭ ئورنىنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ھۇۋقۇشنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارى بولغاچقا، كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى چاشقان تۇتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «كېچە مۇشۇكى» دېيىشىدۇ.

### كىچىك سىناق



? ھۇۋقۇش ئىككى تەرىپىدىكى نەرسىلەرنى قانداق كۆرەلەيدۇ؟

✓ ھۇۋقۇشنىڭ ئىككى كۆزى ئالدىدا بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بوينى ناھايىتى ھەرىكەتچان، پەقەت بېشىنى بۇرىسىلا ئىككى تەرىپىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تاز قارانىڭ بويىنى ۋە بېشىدا نېمە ئۈچۈن پېيى يوق؟



تاز قارا ئوزۇق ئىزدەپ تاپقاندا، بويى-
نى قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ.

قۇشلارنىڭ بەدىنىدە رەتلىك، رەڭدار پەيلەر بولىدۇ. بىراق، بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ پەيلىرى كۆرۈمسىز بولۇپلا قالماي، بېشى ھەم بويىنى تاز بولغاچقا، تاز قارا دەپ ئاتالغان. تاز قارىنىڭ بويىنى ۋە بېشىدا نېمە ئۈچۈن پېيى بولمايدۇ؟ ئەسلىدە تاز قارىلار ئاساسەن ھايۋانلارنىڭ چىرىپ كەتكەن تاپلىرىنى يېگەچكە، غىزالانغاندا بويۇن ۋە باشلىرىغا قان ۋە مىكروبلار يېپىشىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ يەرلىرىدىمۇ قويۇق پەي بولغاندا، بۇ مىكروبلار پەينىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، تاز قارىنى كې-

تاز قارا ئاساسلىقى چىرىگەن گۆش، ئەخلەت ۋە چىقىرىندى ماددىلار بىلەن
ئوزۇقلىنىدۇ، تىرىك ھايۋانلارنى ناھايىتى ئاز يەيدۇ.





كەڭ قاناتلىرى تاز قارىنى ئازادە ئۇچۇرىدۇ.

سەل قىلىپ قوياتتى. بىراق، هازىر تاز قارىلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ پەيسىز بويىنى ۋە بېشى ئاپتاپتا پاكىزلىنىپ دېزىنفېكسىيىلىنىدۇ، شۇڭا، تاز قارىنىڭ بويىنى ۋە بېشىدا پېيىنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت ياشاش مۇھىتىغا ماسلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

### بىلۇۋېلىڭ

تاز قارىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەت، دائىم هاۋادا چىرايلىق پەرۋاز قىلىپ، كىشىلەرگە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بەزى جايلاردا «سىرلىق قۇش» دەپمۇ ئاتالغان. زاڭزۇ خەلقىنىڭ «ئۇچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىش» ئادىتىدە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىنىڭ پۇت - قولىنى پارچىلاپ، تاز قارىغا يېگۈزۈۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندا سىرلىق قۇش ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ چىقارمىش.



تاز قارا ئاپتاپقا قاقلىنىشقا ئامراق، بۇنداق قىلىش مىكروب ئۆلتۈرۈپ، دېزىنفېكسىيە قىلىشقا پايدىلىق.



### كىچىك سىناق

❓ تاز قارىنىڭ پەيسىز بويىنىنىڭ يەنە قانداق رولى بار؟

✔ ئادەتتە، تاز قارىنىڭ يۈز قىسمى توق قوڭۇر رەڭدە، بويىنى كۆكۈچ قوغۇشۇن رەڭدە بولىدۇ. بىراق، بىر نەرسە يېگەندە بويىنىنىڭ رەڭگى ئوچۇق قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ باشقا تاز قارىلارنى نېرى كېتىشكە ئاگاھلاندۇرغىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# يوغانتۇمشۇق قۇشنىڭ تۇمشۇقى قانداق بولىدۇ؟



يوغانتۇمشۇق قۇشنىڭ چوڭ تۇمشۇقى ئۇنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ.

يوغانتۇمشۇق قۇش تېنى بىلەن تۇمشۇقى پەقەتلا ماسلاشمىغان بىر خىل قۇش، ئەڭ چوڭىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 ~ 24 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىردىن توققۇز سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. يوغان تۇمشۇقى بەدىنى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇمشۇقى رەڭدار، كۆركەم بولۇپ، بەزى جايلىرى سارغۇچ يېشىل؛ بەزى جايلىرى ھاۋا رەڭدە؛ تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى قىزىل بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇمشۇقى چوڭ بولغىنى بىلەن، بەكلا يېنىك.



**بىلىۋېلىڭ**



يوغان تۇمشۇق قۇش-نىڭ ئۇزۇقلىنىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە.

يوغان تۇمشۇق قۇشنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئۇسۇلى ناھايىتى قىزىقارلىق. ئۇ باشقا قۇشلاردەك ئاز - ئازدىن چوقۇلاپ يېمەي، بەلكى ئالدى بىلەن تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېمەكلىكتىن بىر پارچىنى چوقۇپ، ئاندىن بېشىنى سىلكىپ، يېمەكلىكنى چۆرۈپ، ئاسمانغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ، يېمەكلىكنى ئاغزىغا چۈشۈرىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدە بولغانلىقىدا. تۇمشۇقىنىڭ سىرتى بىر قەۋەت نېپىز قاتتىق قاپ، ئىچى بىر قەۋەت بوشلۇقسىمان كاۋاك توقۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان، ئوتتۇرىسى لىق ھاۋا بىلەن تولغان. يوغانتۇمشۇق قۇشنىڭ يوغان تۇمشۇقى كۆشەندىلىرى بىلەن ئېلىشىدىغان مۇھىم قورال. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن تاجاۋۇزچىلار ئۇنىڭ يوغان تۇمشۇقىنى كۆرۈپلا قورقۇپ قاچىدۇ.



ھەرخىل تۈردىكى يوغانتۇمشۇق قۇش



**كىچىك سىناق**

? نېمە ئۈچۈن يوغانتۇمشۇق قۇشنىڭ پۈتۈن تېنى شۇنداق رەڭدار بولىدۇ؟

✓ يوغانتۇمشۇق قۇشنىڭ تۇمشۇقى ۋە پەيلىرى رەڭدار، كۆركەم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغان ئورمانزارلىقتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇنداق ئالاھىدە قوغدىنىش رەڭلىرى بولغاندىلا كۆشەندىلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇق مېڭە سىلكىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولمايدۇ؟



تۆمۈرتۇمشۇق دەرەخ تۆشۈكىنى چوڭقۇر كوچىلاپ، ئۇۋى ياسايدۇ.

تۆمۈرتۇمشۇق داڭلىق ئورمان دوختۇرى، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە دەرەخنى چوقۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ، دەرەخ غولى ئىچىدىكى قۇرتلارنى يەيدۇ. ئۇ ھەر كۈنى، دەرەخ غولىنى 500 ~ 600 قېتىم چوقۇلايدىغان بولۇپ، چوقۇلاش كۈچى ناھايىتى زور. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بېشى مۇشۇنداق كۈچلۈك سىلكىنىشكە ئۇچرىسىمۇ، نېمە ئۈچۈن مېڭىسى سىلكىنىپ كەتمەيدۇ؟ ئەسلىدە تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بېشىنى بىر قەۋەت زىچ، يۇمشاق بۇلۇتسىمان سۆڭەك ئوراپ تۇرىدۇ، ئىچى يەل

**بىلىۋېلىڭ**

قۇشلارنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ ياشايدۇ، بىراق تۆمۈرتۇمشۇق يالغۇز ياشايدۇ. ئادەتتە، بىر تۆمۈرتۇمشۇق ئورمانلىقتا يالغۇز ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۆز تەۋەلىكىنى بەرپا قىلىدۇ، جاراڭلىق سايراپ، باشقا قۇشلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىقنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.



تۆمۈرتۇمشۇق شىلىمشىق شۆلگەيلىك تىلىنى دەرەخ تۆشۈكىگە تىقىپ، تىلى ئۇچىدىكى قىسقا ئىلمىكى بىلەن قۇرتلارنى چىقىرىدۇ.



تۆمۈرتۇمشۇق ئىشچان «ئورمان دوختۇرى».



تۆمۈرتۇمشۇق تۈرلۈك تۆشۈكلەرنى كوچىلىيالايدۇ.

بىلەن تولغان. سۆڭەك سىرتىنى يەنە كۈچلۈك مۇسكۇللار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلكىنىشنى پەسەيتىش رولىغا ئىگە بولغاچقا، تۇمشۇقى دەرەخ غولىغا ئۇرۇلغاندا، مېڭىسى بىلەن مېڭە سىرتىدىكى سۆڭىكىدە كۈچلۈك سوقۇلۇش پەيدا بولمايدۇ-دە، مېڭىسىمۇ سىلكىنىپ كەتمەيدۇ.



كىچىك سىناق

? تۆمۈرتۇمشۇق نېمە ئۈچۈن دەرەخ غولىنىڭ ئىچىدىكى قۇرتلارنىمۇ تۇتالايدۇ؟

✓ تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقى خۇددى بىر پولات ئىسكىنىگە ئوخشاش دەرەخنى تېشىۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئۇزۇن، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، يەنە تېخى قىسقا ئىلمىكىمۇ بار. شۇڭا، دەرەخ غولىنىڭ ئىچىدىكى قۇرتلارنىمۇ تۇتالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن چايكىنى يول باشلىغۇچى دەيمىز ؟

بىپايان دېڭىز ئۈستىدە، توپ - توپ چايكىلار دېڭىزچىلارغا ھەمراھ بو-
لۇپ بىللە سەپەر قىلىدۇ. ئۇلار مەنىسىز دېڭىز ئۈستى تۇرمۇشىغا ئاز - تولا
ھۇزۇر ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە يول باشلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستى-
گە ئالىدۇ. توپ - توپ چايكىلارنىڭ دېڭىز ساھىللىرى، قورام تاشلارنىڭ ئەترا-
پىدا ھېلى ئۇچۇپ، ھېلى قونۇپ، قىيا - چىيا قىلىپ سايرىغىنى، ئۇلارنىڭ
دېڭىزچىلارغا يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇن توسالغۇنىڭ بارلىقىنى ئېيتقىنى ئىكەن.
ناۋادا، دېڭىزدا تۇمان بولۇپ، نىشاننى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىغاندا، دېڭىز-
چىلار چايكىلار ئۇچقان يۆنى-
لىشكە قاراپ مېڭىپ، پورتقا
يېتىپ بارالايدىكەن. چايكىنىڭ
سۆڭىكى كاۋاك نەيچە شەكلىدە
بولۇپ، ئىچىگە لىق ھاۋا تول-
غاچقا، ئۇچۇشقا قۇلايلىق بو-
لۇپلا قالماي، يەنە باروگرافتەك
ھاۋا بېسىمى ۋە ئۆزگىرىشىنى
سېزەلەيدىكەن. دېڭىزچىلار
دائىم چايكىلارنىڭ ئۇچۇش
شەكلىگە قاراپ، دېڭىزغا چى-
قىش - چىقماسلىقنى بەلگى-
لەيدىكەن.



دېڭىز چايكىسى پورتنى بويلاپ ئۇچۇشقا ئامراق. شۇڭا نىشانىنى ئېزىپ
قالغان دېڭىزچىلارغا يول باشلىيالايدۇ.

## بىلىۋېلىڭ



چايكىلار پاراخوت ئۈستىدە ئۇچقاندا، خېلى كۆپ كۈچىنى تېجەپ قالىدۇ.

چايكا دېڭىزچىلار بىلەن ياخشى دوست، ئۇلار پاراخوتلارغا ئەگىشىپ ئۇچۇشقا ئامراق. چۈنكى، پاراخوت ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدىغان ھاۋا ئېقىمىنى پەيدا قىلىدۇ، چايكىلار ئەگىشىپ ئۇچقاندا كۈچىنى تېجەپ قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.



چايكا قىرغاق لېۋىدىكى بېلىقلارنى يەيدۇ .



## كىچىك سىناق

❓ چايكىنىڭ «يول باشلىغۇچى» دېگەن نامىدىن باشقا يەنە قانداق نامى بار؟

✅ چايكا ئاساسلىقى دېڭىز بويىدىكى ھاشاراتلارنى، قاسراقلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى، يەنە دېڭىز بويىدىكى ئەخلەتلەرنى تېرىپ يەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ «دېڭىز بويى تازىلىق ئىشچىسى» دېگەن چىرايلىق نامىمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خەۋەرچى كەپتەر ئۆيگە قايتىدىغان يولنى قانداق تاپىدۇ؟



خەۋەرچى كەپتەر كۆپ خىل ئۇسۇلغا تايىنىپ يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈپ، يولنى تاپالايدۇ.



ئۆي كەپتىرى

قەدىمكى بابىلۇندا كىشىلەر خەۋەرچى كەپتەردىن پايدىلىنىپ، يىراق ئارىلىقتا خەت توشۇشنى باشلىغان. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىمۇ دائىم خەۋەرچى كەپتەردىن پايدىلىنىپ خەت توشۇغان. خەۋەرچى كەپتەر نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق جايدىن ئۆيگە قايتىدىغان يولنى تاپالايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىدە. كەپتەرنىڭ ئۈستۈنكى تۇمشۇقىدا ماگنىت مەيدانىنى سېزەلەيدىغان كرىستال ھۈجەيرە بار. شۇڭا، ئۇلار خۇددى ماگنىتلىق كومپاسقا ئوخشاش ماگنىتلىق سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، كەپتەر ۋە باشقا قۇشلار دېڭىز تاشپاقىسىغا ئوخشاشلا

**بىلىۋېلىڭ**

ئەركەك كەپتەر بىلەن چىشى كەپتەر دائىم بىللە ياشايدۇ، ئەركەك ـ چىشىسى جۈپلەشكەندىن كېيىن ئۆمۈر بويى بىللە ياشايدۇ. ناۋادا، بىرى ئۆلۈپ كەتسە جورىسى ئۇنى بوينى بىلەن سىلاپ، چەكسىز قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.



ۋاپادار كەپتەر

يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانىدىن پايدىلىنىپ يول باشلىيالايدۇ. كۈندۈزى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى خەۋەرچى كەپتەر قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ يولنى تاپالايدۇ. ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى ياكى كېچىدە يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانىدىن پايدىلىنىپ يولنى تاپالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خەۋەرچى كەپتەرنىڭ پۇراش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغاچقا، پۇراشقا تايىنىپ قايتىدىغان يولنى تاپالايدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، كەپتەرنىڭ ئۆيگە قايتىدىغان يولنى تونۇۋېلىشىنىڭ سىرى ناھايىتى ئاددىي، ئۇلارمۇ باشقا قۇشلاردەك دائىم تاشيول، تۆمۈريول، تونېل ۋە باشقا سۇ ترانسپورتى، ھاۋا يولى بەلگىلىرىنى بويلاپ ئۇچۇپ، ئەستە قالدۇرغىنى بويىچە كۆزلىگەن جايىغا كېلەلەيدىكەن.



كەپتەر باچكىسى ئانا كەپتەرنىڭ پوكىنىدىن سۈت ئېمەكتە.



**كىچىك سىناق**

? ياخشى خەۋەرچى كەپتەرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ؟

✓ ياخشى خەۋەرچى كەپتەرنىڭ بېشى يوغان، چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلغان، كۆز ئالمىسى سۈزۈك، كۆز قارىچۇقىنىڭ سېزىمچانلىقى كۈچلۈك، مۇرىسى كەڭ، مەيدىسى تۈز، قانىتى كەڭ ھەم مەزمۇت، پۇتى قىسقا، تىرناقلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، تەن ئېغىرلىقى 450 گرامدىن ئاشمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھەرە قۇشنىڭ قانداق پەۋقۇلئاددە ئۇچۇش ماھارىتى بار؟



ھەرە قۇش گۈل شىرنىسى سۈمۈرۈشكە ئامراق.

ھەرە قۇش دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك قۇش، ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ، چوڭ - كىچىكلىكى ھەرە بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۇخۇمىنىڭ كىچىكلىكىدىن ئادەم ھەيران قالىدۇ. ھەرە قۇش ئۇچقاندا، ھەرىگە ئوخشاش «غۇڭ - غۇڭ» ئاۋاز چىقىدۇ. ئۇمۇ گۈل شىرنىسى سۈمۈرۈشكە ئامراق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «قۇشلار ئىچىدىكى ھەرە» دەپ ئاتىشىدۇ. ھەرە قۇشنىڭ تەن شەكلى يىرتقۇچ قۇشلاردىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھەقىقىي بىر ئۇچۇش ماھىرى بولغاچقا، دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچالايدۇ. يەنە توختىماي 800 كىلومېتىر يىراققىمۇ ئۇچالايدۇ. ھەرە قۇشنىڭ قانىتى تولىمۇ ھەرىكەتچان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قانات

ھەرە قۇش قۇشلار ئىچىدىكى شاكىچىك.



ھەرە قۇشنىڭ پەيىنىڭ رەڭگى بەك چىرايلىق.

**بىلىۋېلىڭ**

كۆپىيىش پەسلىدە ئەركەك ھەرە قۇش چىشى ھەرە قۇشلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى ھەر خىل. ئەركەك ھەرە قۇش ئاۋۋال بەلگىلىك زېمىننى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە توختىماي چۆرگىلەپ بىر ئۇچۇپ، بىر قونۇپ، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ، چىشى ھەرە قۇشلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

قېقىش قېتىم سانىمۇ كۆپ، سېكۇنتىغا 80 ~ 90 قېتىمغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى بەك تېز، سائەتلىك تېزلىكى 50 كىلومېتىرغا، ئۇچۇش ئې-گىزلىكى 4 ~ 5 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئاۋازى-نى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرە قۇش ھاۋادا توخ-تىيالايدۇ ھەمدە كەينىچىلەپ ئۇچالايدۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر بايقالغان قۇشلار ئى-چىدىكى بىردىنبىر كەينىچىلەپ ئۇچالايدىغان قۇش. بۇنداق ئۇچۇش ماھارىتى قۇشلار ئىچىدىكى بۇ شاكىچىكنىڭ نامىنى چىقاردى.




ھەرە قۇشنىڭ ئۇچۇش ئۇسۇلى



كىچىك سىناق

ھەربىچىلىك چوڭلۇقتىكى ھەرە قۇشنىڭ تۇخۇمى قانچىلىك بولىدۇ؟

ھەرە قۇشنىڭ تۇخۇمى ئەڭ كىچىك قۇش تۇخۇمى بولۇپ، پەقەت سېرىق پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتا بولىدۇ. تۆگىقۇش تۇخۇمىنىڭ چوڭلۇقى ھەرە قۇش تۇخۇمىنىڭ 7500 ھەسسى-سىچىلىك كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن ئاق قۇنى «سۆيگۈ پەرىشتىسى» دەيمىز؟



ئاق قۇ كۆل ۋە سازلىقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ.

مەيلى پۈتۈن بەدىنى ئاپئاق چوڭ ئاق قۇ بولسۇن ياكى بەدىنى قاپقارا قارا ئاق قۇ بولسۇن، ئۇلار شۇنچىلىك پاك ۋە ئالىيجاناپ. ئۇلارنىڭ قىياپىتى گۈزەل، يۈرۈش - تۇرۇشى سالاپەتلىك بولغاچقا، ھەمىشە كىشىلەرنىڭ چەكسىز تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ. ئاق قۇلاردا «ئۆمۈرلۈك جۈپ تۇزۇمى» بار بولۇپ، بىر جۈپ ئاق قۇ دائىم بىللە ياشاپ، بىللە ئوزۇق تېپىپ، بىللە ئارام ئېلىپ، بىللە ياشايدۇ، ھەتتا كۆچۈش سەپىرىدىمۇ ئايرىلماي

### بىلىۋېلىڭ

ئاق قۇ ئۇۋىسىنى پىنھان، جىمجىت كۆل بويىدىكى تېيىز سۇغا جايلاشتۇرىدۇ ياكى ئۇ قىرغاقتىن يىراق، لېكىن سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان تېيىز سۇ رايونىدا تۇرىدۇ. ئاق قۇ تاللىغان ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئادەتتە پاتقاقتا ئۆسىدىغان ئېگىز غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر بولۇشى، يەنە ئوچۇق سۇ رايونى بولۇشى كېرەك.



ئاق قۇنىڭ ئۇچقاندىكى قىياپىتى ناھايىتى گۈزەل.



جورىسىغا ئۆلگۈچە سادىق بولۇش ئاق قۇنى «سۆيگۈ پەرىشتىسى» گە ئايلاندۇرغان.



بەش خىل ئاق قۇ

بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ناۋادا، بىرى ئۆلۈپ كەت- سە، جورىسى ھاۋادا ئەگىپ، ھەس- رەتلىك سايراپ، ئۇزاققىچە قايغۇ- رىدۇ. جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاق قۇ قايتا جورا ئىزدىمەي، تەن- ھا ياشاپ قېرىيدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاق قۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «سۆي- گۈ پەرىشتىسى» دەپ قارالغان.



### كىچىك سىناق

❓ دۇنيادا قانچە خىل ئاق قۇ بار؟

✅ دۇنيادا ھازىر جەمئىي بەش خىل ئاق قۇ بار. ئۇلار: قارا ئاق قۇ، قارا بويۇن ئاق قۇ، كىچىك ئاق قۇ، چوڭ ئاق قۇ ۋە سۆگەلبۇرۇن ئاق قۇدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن پىنگۋىننى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ خوجايىنى دەيمىز؟



پىنگۋىنلارنىڭ مەردانە، جەسۇر قىياپىتىگە قاراڭ، ئۇلار نېمىنى كۈتۈۋاتاندۇ؟

يىراق جەنۇبىي قۇتۇپتا زېمىن يىل بويى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئادەمدىن ئەسەرمۇ يوق، لېكىن بىر توپ ئوماق زېرەكچاقلار ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان، ئۇ بولسىمۇ جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ خوجايىنى پىنگۋىن. پىنگۋىن ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن، قەتئىي ئىرادىلىك بىلەن ياشاش جەريانىدا، ئۇنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە ئورگانىزملىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بارا ـ بارا جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ناچار مۇھىتىغا ماسلاشقان، پىنگۋىننىڭ بەدىنىدىكى قويۇق پەي ۋە قېلىن مايلار ئۇلارنى



ئۇلار جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىدۇر.

### بىلىۋېلىڭ



پىنگۋىننىڭ ئاتا - ئانىلىرى بەك ئىناق.

پىنگۋىننىڭ بەدىنى يۇمىلاق، ئۇياق - بۇياقا چايقىلىپ مېڭىشى بەك ئوماق. ئەمەلىيەتتە، پىنگۋىن قىسقا پۇتلىرى بىلەن بەدىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قەستەن بەدىنىنى چايقاپ، ئىككى پۇتى بىلەن بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرىدۇ.





پىنگۋىننىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى تېز بولۇپلا قالماي، قىياپىتىمۇ بەك چىرايلىق.

سوغۇقتىن ساقلىيالايدۇ. گەرچە پىنگۋىنلارنىڭ قانىتى چېكىنىپ كېتىپ ئۇچالمايدىغان بولسىمۇ، بىراق مېڭىش ۋە سۇ ئۈزۈشكە كۆپ پايدىسى بار. ئۇ كىچىك قاناتلار خۇددى كېمە پالاقلىرىدەك ئۈزۈش ۋە سىيرىلىپ مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق تۇتۇشى ۋە كۈشەندىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا تېخىمۇ پايدىلىق.



### كىچىك سىناق

❓ پىنگۋىننىڭ خەنزۇچە ئىسمى قانداق قويۇلغان؟

✅ پىنگۋىننىڭ بەدىنى سېمىز غازغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دائىم خۇددى بىر نەرسىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك بويىنىنى سوزۇپ يىراقلارغا قارايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭغا « 企鹅 » ( پىنگۋىن ) دەپ ئىسىم قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ساقىيقۇشنىڭ تور خالتىغا ئوخشاش تۇمشۇقى نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟



ساقىيقۇشنىڭ بوغۇز خالتىسى ئادەتتە كۆپۈپ تۇرمايدۇ.

ساقىيقۇش قارا تۇمشۇقلۇق غاز دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۇرقى غازغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ داڭلىق بېلىق تۇتۇش ماھىرى بولۇپ، ئامبۇردەك چوڭ تۇمشۇقى ۋە تۇمشۇقى ئاستىدىكى «چوڭ خالتا»سىدىن پايدىلىنىپ بېلىق تۇتىدۇ. بۇ چوڭ خالتا ساقىيقۇشنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىكى چوڭ بوغۇز خالتىسىدۇر. بۇ بوغۇز خالتىسىنىڭ سىغىمچانلىقى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاشقازىنىغا قارىغاندا جىقراق نەرسە پاتىدۇ، ئۇنىڭ بوغۇز خالتىسى چوڭ تور خالتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بوغۇز خالتىسى ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ. بىراق، سا-



ساقىيقۇشنىڭ بوغۇز خالتىسى بەك چوڭ، نۇرغۇن يېمەكلىك ساقلىيالايدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

ساقىيقۇشنىڭ ئىككى خىل ئوزۇق تۇتۇش ئۇسۇلى بار: بىر خىلى سۇغا شۇڭغۇش. ساقىيقۇش ھاۋادىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ سۇغا شۇڭغۇپ، تۇمشۇقىنى بېلىققا سانجىيدۇ؛ يەنە بىر خىلى «قورشاپ تۇتۇش»، يەنى بېلىق توپىنى بايقىغان ھامان ئون نەچچە ساقىيقۇش يېرىم چەمبەر شەكلىدە تىزىلىپ، قانىتى بىلەن سۇنى ئۇرۇپ، بېلىق توپىنى تېيىز ساھىلغا قوغلاپ چىقىپ بىراقلا «تار-مار قىلىدۇ».

قىيقۇش بېلىق تۇتقاندا، بوغۇز خالتىسىنى ئېچىپ «بېلىق تورى» يايغاندەك سۇنى يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بېلىق بىلەن سۇ چوڭ بوغۇز خالتىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئاغزىنى يۇمۇپ، بوغۇز خالتىسىنى يىغىپ، سۇنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، بېلىق، راكلارنى ئېلىپ قالىدۇ. ناۋادا، تۇتۇۋالغان بېلىق، راكلىرىنى يەپ بولالمىسا، بوغۇز خالتىسىدا ساقلاپ قويىدۇ. ئادەتتە، بوغۇز خالتىسىدا بىر ھەپتىلىك ئوزۇقنى ساقلىيالايدۇ.



شۇڭغۇپ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى



قورشاپ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى

### كىچىك سىناق



? ساقىيقۇشنىڭ بوغۇز خالتىسىنىڭ يەنە قانداق ئىقتىدارلىرى بار؟

✓ ساقىيقۇشنىڭ بوغۇز خالتىسىدا پەي يوق، تېرىسى بىۋاستە ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇڭا، ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى بوغۇز خالتىسىنى سىلكىش ئارقىلىق ئىسسىقلىقنى تارقىتىپ، بەدىنىنى سوۋۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى ئانىسىنى قانداق ئېمىدۇ؟

ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ تۇرقى بەكلا غەلىتە، ئۇنىڭ تۇمشۇقى ۋە پۇتى ئۆردەككە، قۇيرۇقى قۇندۇزنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۆردەكتۇمشۇق تۇغقاندا، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ۋە قۇشلارغا ئوخشاش تۇخۇم تۇغىدۇ. بىراق، ئانا ئۆردەكتۇمشۇق سۈت ئاجرىتىپ چىقارغاچقا، ئۇلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا تەۋە. ئۆردەكتۇمشۇق بالىسىنىڭ قورسىقى ئاچقاندا، ئانىسىنىڭ قورسىقىغا ئۆمىلەپ چىقىپ ئېمىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئانا ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ ئەمچەك تۇپچىسى يوق، قورسىقىدا

ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ تۇرقى غەلىتە بولۇپ، زادى كىمنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكى نامەلۇم.



### بىلىۋېلىڭ

ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ سېمىز تېنىنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت قوڭۇر رەڭلىك پارقىراق تۈكلەر ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تۈكلەر سۇغا كىرگەندە سۇ سۈمۈرمەيدۇ، سۇدىن چىققاندا قۇرۇق تۇرىدۇ. ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ قۇيرۇقى ياپىلاق ھەم كۈچلۈك بولغاچقا، رولغا ئوخشاش ئۇنىڭ تېز سۈرئەتتە شۇڭغۇپ ئۈزۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۆردەك-تۇمشۇقنىڭ تۆت پۇتى قىسقا ھەم توم، بەش بارمىقى ئارىسىدا پەنجىسى بولىدۇ. مانا بۇلار ئۇنى داڭلىق سۇ ئۈزۈش ماھىرىغا ئايلاندۇرغان.



ئۆردەكتۇمشۇق سۇ ئۈزۈشكە ماھىر.

پەقەت بىر كىچىك خالتىسىلا بو-
لۇپ، سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.
ئۇ بالىلىرىنى ئېمىتكەندە، ئۇۋ-
دىسىغا يېتىپ، ئۇلارنى قورسىقىغا
چىقىرىپ ئېمىتىدۇ.



ئۆردەكتۇمشۇق دائىم سۇبېشى ياكى كۆلگۈمدا سۇ بويىدىكى ئۇۋى-دىن چىقىدۇ.



### كىچىك سىناق

❓ دۇنيادا يەنە تۇخۇم تۇغىدىغان باشقا سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بارمۇ؟

✅ دۇنيادا تۇخۇم تۇغىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن ئۆردەكتۇمشۇقتىن باشقا يەنە ئىنچىكە قۇيرۇق قارىغۇچاشقان بار. ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى كىرپىگە ئوخشايدۇ، ئۇمۇ ئۆر-دەكتۇمشۇققا ئوخشاش ئاۋستىرالىيىدە ياشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سۇ پەرىسى راستتىنلا شۇنداق گۈزەلمۇ؟



دىيۇگون دېڭىز يوسۇنىنى مەززە قىلىپ يېمەكتە.

سۇ پەرىسى رىۋايىتىدىكى سۇمبۇل چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان، بېلىق قۇيرۇقلۇق گۈزەل مەلىكىنىڭ ئوبرازى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن. ئەمما، رېئاللىقتىكى سۇ پەرىسى ئاشۇنداق چىرايلىقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، سۇ پەرىسى دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان – دىيۇگوندۇر. دىيۇگون بېلىق بولماستىن، بەلكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆرۈنۈشى سەترەك. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە سۇ پەرىسى دەيدۇ؟ ئەسلىدە دىيۇگون بالىسىنى مەيدىسىگە يېقىپ كۆتۈرۈپ ئېمىتىشكە ئادەتلەن-



رىۋايەتتىكى سۇ پەرىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتى

### بىلىۋېلىڭ



دىيۇگوننىڭ بالىسىنى ئېمىتكەن ھالىتى بەئەينى ئىنسانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

دىيۇگون دېڭىز كالىسى تۈركۈمىدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى. بۇرۇن قۇملۇقتا ياشىغان بولۇپ، قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇمۇ سۇدا ياشاشقا باشلىغان. مۇھىت تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ تېنى بېلىققا ئوخشاپ قالغان. ئالدى پۇتى ئۈزگۈچ شەكلىگە ئۆزگىرىپ، كەينى پۇتى چېكىنىپ، قۇيرۇقى بېلىق قۇيرۇقىغا ئايلىنىپ قالغان.



ئۇ بەدىنىنى تىكلەپ، بېشىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ نەپەس ئالىدۇ.

گەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بېشى ۋە مەيدە قىسمى سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرىدۇ. يىراقتىن قارىسا، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى ئادەم بالىسىنى ئېمىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى تولىمۇ يېقىملىق بولغاچقا، تەبىئىيلا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەنھا يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ دېڭىز ھايۋىنى رىۋايەتلەردىكى سۇ پەرىسىگە ئايلانغان.



### كىچىك سىناق

? «سۇ پەرىسى» بەك جىق «تاماق» يەمدۇ؟

✓ دىيۇگوننىڭ ئىشتىھاسى بەك ياخشى. دېڭىز يوسۇنى، سۇ ئوتى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى توختىماي يەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ تۆت ئاشقازىنى بولۇپ، ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# پىلنىڭ خارتۇمىنىڭ قانداق رولى بار؟

پىلنىڭ خارتۇمىنىڭ قانداق رولى بار؟ بۇنىڭغا سىز چوقۇم نەپەس ئېلىش ۋە پۇراش رولى بار، دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن. پىلنىڭ خارتۇمى پەقەت نەپەسلىنىش ۋە پۇراش ئەزاسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، پىل يەنە خارتۇمى بىلەن سۇ ئىچىدۇ، ئوت يۇلىدۇ، يوپۇر- ماق ئۈزىدۇ، ئۆزىگە سۇ پۈركۈپ يۇيۇنىدۇ؛ ئوماق بالىلىرىنى خارتۇمىدا كۆتۈ-



روپ «ئۆي»گە ئېلىپ كې-
تىدۇ؛ نەرسىلەرنى يۆتكەي-
دۇ؛ ئۇرۇشقاندا كۈشەندى-
لىرىگە خارتۇمى بىلەن
ھۇجۇم قىلىدۇ؛ خارتۇمى
بىلەن ھېسسىيات ئالماش-
تۇرۇپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ.
مەشىق قىلدۇرۇلغان پىل
ھەتتا خارتۇمى بىلەن ئې-

پىلنىڭ خارتۇمى ئادەملەرنىڭ قولىدەك ئەپچىل بولۇپ، ئوت يۇلالايدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

پىل خارتۇمى بىلەن كىشىلەرگە ياردەملىشىپ نەرسىلەرنى يۆتكىيەلەيدۇ. كۆندۈرۈلگەن پىل نەچچە يۈز كىلوگرام دەرەخ ياكى مالنى كۆچمەيلا كۆتۈرىدۇ. بىر پىلنىڭ كۈچى 20 ~ 30 ئەمگەك كۈچىگە تەڭ كېلىدۇ. بىرما، تايلاندلاردا «پىل مەكتىپى» قۇرۇلغان. پىللار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاغ ئىچىدىكى ئورمانلىقلارغا تەقسىم قىلىنىپ «يۈك توشۇش ئىشچىسى» بولىدۇ.



ئانا پىل خارتۇمى بىلەن بالىلىرىنى ئەركىلىتىدۇ.

غىز گارمونى چالالايدۇ. شۇڭا، پىلنىڭ خارتۇمى ھەممىگە قادىر قورال بولۇپ، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە. ئەسلىدە پىلنىڭ ئۇزۇن خارتۇمى 40 مىڭغا يېقىن ئېلاستىك مۇسكۇلدىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئۇزىرىپ- قىسقىرىپ، تۈرلۈك چاققان ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىكەن.



پىل ئېگىزدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۈزمەكچى بولسا، خارتۇمىغا تايىنىدۇ.

### كىچىك سىناق



❓ پىل خارتۇمى ئارقىلىق سۇ ئىچسە، نېمە ئۈچۈن قېقىلىپ كەتمەيدۇ؟

✅ پىلنىڭ خارتۇم بوشلۇقىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەزىم يولىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە كۆمۈرچىكى بولۇپ، پىل خارتۇمى بىلەن سۇ ئىچكەندە، كۆمۈرچىكى نەپەسلىنىش يولىنى يېپىۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە سۇ كىرىپ كەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن زىراپىنىڭ بويىنى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ؟


زىراپە ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان.

زىراپە ئافرىقا قىتئەسىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاق ۋە ئورمانلىقلارنىڭ چەتلىرىدە يا- شايدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولغان ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان. چىشى زىراپىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر ئەتراپىدا، ئەركەك زىراپىنىڭ ئې- گىزلىكى يەتتە مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. زىراپىنىڭ ئېگىز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ بويىنىنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ بويىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە ئىككى مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. ئەسلىدە زىراپىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بويىنى ئۇنچۋالا


زىراپە ئارام ئېلىۋاتىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

زىراپىنىڭ پۇتىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، تۆت تال ئىنچىكە تۈۋرۈككە ئوخشايدۇ. ئالدى پۇتى ئارقا پۇتىدىن ئۇزۇن بو- لىدۇ. زىراپىنىڭ يۈزى، تىلى بىرقەدەر ئۇزۇن. يول ماڭ- غاندا ئالدىرىماي، سالاپەتلىك ماڭىدۇ، قەدەم ئېلىشى ئالا- ھىدە، يەنى سول تەرەپ ئالدى ۋە ئارقا پۇتى بىلەن ئوڭ تەرەپ ئالدى ۋە ئارقا پۇتلىرى ئالمىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان بولغاچقا، ناھايىتى سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ.

ئۇزۇن ئەمەس ئىكەن. ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، زىراپە ياشاۋاتقان مۇ-ھىتتا ئۆزگىرىش بولۇپ، قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، يەر يۈزىدىكى يۇمران ئوت-چۆپلەر بارغانچە ئازلاپ كەتكەن. زىراپە-لەر ئامالسىز دەرەخ شېخىدىكى يوپۇر-ماقلارنى يېگەن. ئۇلار ھەر كۈنى بويىنىنى سوزۇپ دەرەختىكى يوپۇرماقلارنى يەۋې-رىپ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بويىنى بار-غانچە ئۇزىراپ كەتكەن. ئىرسىيەت ئار-قىلىق ئەۋلادلىرىمۇ ئاشۇنداق ئۇزۇن بو-يۇنلۇق بولۇپ تۇغۇلغان.




ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىرسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق زىراپىنىڭ بويىنى ئۇزارغان.



**كىچىك سىناق**

❓ زىراپىنىڭ بويىنىنىڭ قانداق پېتەرسىزلىكى بار؟

✅ زىراپىنىڭ بويىنى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ئۆپكىدىكى ھاۋا ئېقىمى ئاۋاز پەردىسىگە بېرىپ بولغۇچە ئۇزاق ۋاقىت كېتىپ، ئاۋاز چىقىرالماي قالىدۇ. شۇڭا، زىراپە باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن تۆگە «چۆل كېمىسى» دېيىلىدۇ؟



تۆگىنىڭ قوش لوككىسى ئادەملەرنىڭ مىنىشىگە لايىق كېلىدۇ.

بېپايان قۇم دېڭىزىدا تۆگىلا بىمالال يۈرەلەيدۇ. ئۇلار خۇددى قۇملۇقتىكى كىچىك كېمىلەردەك ئادەم ۋە يۈكلەرنى ئارتىپ ماڭغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «چۆل كېمىسى» دەپ ئاتىغان. تىنچىق ئىسسىق ھەمدە قۇرغاق بولغان ناچار مۇھىتتا، تۆگە نېمە ئۈچۈن بىمالال ياشىيالايدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، تۆگە ئىسسىققا ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق. ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر قەۋەت تۈكلۈك تېرىسى بولۇپ، خۇددى كىگىزدەك قۇياش نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشىنى توسىيالايدۇ. قۇياش نۇرى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، تۆگە ئادەتتە تەرلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇس-



تۆگە قۇملۇقتىكى ئەڭ مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپ قالدى.

## بىلىۋېلىڭ

تۆگىنىڭ تۇرقى تولىمۇ غەلىتە، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى 12 مۇچەل ھايۋانلىرىنىڭ مۇناسىپ جايلىرىغا بەك ئوخشايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «قۇلىقى چاشقاننىڭكىگە، دۈمبىسى كالىنىڭكىگە، تىرنىقى يولۋاسنىڭكىگە، كالپۇكى توشقاننىڭكىگە، بويىنى ئەجدىھانىڭكىگە، كۆزى يىلاننىڭكىگە، يالى ئاتنىڭكىگە، مەيدىسى قوينىڭكىگە، لوككىسى مايمۇننىڭكىگە، باش چوققىسى خورازنىڭكىگە، تاپىنى ئىتنىڭكىگە، قۇيرۇقى توڭگۇزنىڭكىگە ئوخشايدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن.



تۆگىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قېلىن تۈكلۈك تېرىسى ئوراپ تۇرىدۇ.



تاق لوككىلىق تۆگە خۇددى دۈمبىسى ئىششىپ چىققان ئاتقا ئوخشايدۇ.

تىگە، مىنۇتىغا ئاران 16 قېتىم نەپەسلەنگەچكە، بەك جىق سۇ خوراتمايدۇ. ئۇسسۇزلۇققا، ئاپتاپقا چىدامىلىق تۆگە تەبىئىيلا قۇملۇقتىكى قەھرىمانغا ئايلانغان.



## كىچىك سىناق

? تۆگىنىڭ لوككىسىنىڭ قانداق رولى بار؟

✓ تۆگىنىڭ لوككىسى ئامبارغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە زور مىقداردا ياغ بار. تۆگە قۇملۇقتا ئۇزۇن سەپەر قىلغاندا، لوككىسىدىكى ياغلار پارچىلىنىپ، كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ۋە سۇغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئات ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ؟



ئات ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ.

بىز كالا، قويلارنىڭ يېتىپ ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بىراق، ئات نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ؟ ئۇلار بۇنداق ئۇخلىسا ھېرىپ كەتمەمدۇ؟ ئەسلىدە ئاتنىڭ ئەجدادى بولغان ياۋا ئاتلار بىپايان يايلاقتا ياشاپ، دائىم يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان. ئاتنىڭ ئۆتكۈر قورالى بولمىغاچقا، ئۇ-رۇشۇش كۈچىمۇ ئاجىز بولۇپ، يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشالمىغان. بىراق، ئاتنىڭ سېزىش ئەزالىرى تەرەققىي قىلغان، كۆزلىرى چوڭ، جايلىشىش ئورنىمۇ ئېگىز، بويىنى ئۇ-زۇن، قاراق، كۆرۈش دائىرىسى

بىلىۋېلىڭ

ئاتنىڭ نېرۋا سىستېمىسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مۇرەككەپ تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە، ئەستە تۇتۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك، ئاتنىڭ يۆنىلىش سېزىمى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ئۆيگە قايتىش يولىنى تاپالايدۇ. ئۆزىنى قورقۇتۇۋەتكەن جاي ياكى نەرسىلەرگە يولۇقۇپ قالسا، چۆچۈپ كەينىگە داجىيىدۇ.



ئاتنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك، تەنھەرىكەتچىلەر ئۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇپ ئات ئويۇنى كۆرسىتىدۇ.



ئات كۆندۈرۈپ بېقىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ قالدى.

كەڭرەك، ئېگىشىپ ئوتلىغاندىمۇ يوشۇرۇن خەۋپنى سېزەلەيدۇ. شۇڭا، ياۋا ئاتلار ھەر ۋاقىت يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، شەپە بولسىلا دەرھال قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەتلەر داۋاملىشىپ كەلگەچكە، ھازىرقى ئاتلار ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇخلىغاندىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ.



### كىچىك سىناق

? ئات ماڭغاندا نېمە ئۈچۈن «تاقىراق، تاقىراق...» ئاۋاز چىقىرىدۇ؟

✓ ئات ھەر كۈنى بەك كۆپ يول ماڭغاچقا، تۇيىقى ئاستىدىكى مۇسكۇل ئاسانلا ئۇپراپ، يول مېڭىشىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئۇنىڭ تۇيىقىغا بىر تۆمۈر تاقىنى مىخلاپ، تۇيىقىنى قوغدايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئات ماڭغاندا، تۇيىقى يەرگە ئۇرۇلۇپ «تاقىراق، تاقىراق...» ئاۋاز چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئېشەك يەردە ئېغىنايدۇ؟



ئاتمۇ يەردە ئېغىناشقا ئامراق.

ئۇزۇن قۇلاقلىق ئېشەك ئىنسانلارنىڭ قابىل ياردەمچىسى. گەرچە ئۇنىڭ ئۇستىخىنى ئات بىلەن قېچىردىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، بىراق چىداملىق، بېقىش ۋە باشقۇرۇش ئاسان بولغاچقا، كىشىلەر ئېشەك بىلەن نەرسىلەرنى توشۇشنى ۋە تېرىقچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئېشەك ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن دائىم يەردە ئېغىنايدۇ، ئاندىن راھەتلىنىپ ئوت يەپ، سۇ ئىچىدۇ. سىلەر ئېشەكنىڭ نېمە ئۈچۈن يەردە ئېغىنايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئەمەلىيەتتە، ئېشەكنىڭ ئېغىنىغىنى ئۇنىڭ يۇيۇنغىنى. بەزىلەر ئەجەبلىنىپ «يۇيۇنغانچە مېنەتلىشىپ كەتمەمدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پاكىزلىنىش ۋە ئارام ئېلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. تاللىغان



ياۋا ئېشەكلەر توپى

### بىلىۋېلىڭ

ياۋا ئېشەك دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقالغان، بەزىلەر ئۇلارنى قېچىپ كەتكەن ياكى تاشلىۋېتىلگەن ئۆي ئېشىكىنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشىدۇ. ئافرىقا قىتئەسىدە بىرلا خىل ئافرىقا ياۋا ئېشىكى بار. ئۇنىڭ تۈكىنىڭ رەڭگى ئۆي ئېشىكىنىڭكىگە ئوخشاش كۆكۈچ كۈل رەڭگە مايىل قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ھاڭرىغان ئاۋازىمۇ ئۆي ئېشىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق سۆپىرسى ئۇزۇن. ئاسىيا قىتئەسىدە ئىككى خىل ياۋا ئېشەك بار: بىرى، شىزاڭ ياۋا ئېشىكى بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشايدۇ. يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋا ئېشىكى بولۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-نى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ.


ئېشەك تاغ يولىدا مېڭىشقا ماھىر.

ئۇسۇللا ئوخشىمايدۇ، خالاس. ئې-
شەك يەردە ئېغىناپ، تۈكلىرى ئى-
چىدىكى قۇرتلارنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ،
يەنە قىچىقىنى باسىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ئېشەك ئېغىناش ئارقىلىق ھاردۇقىنى چىقىرىپ، جىسمانىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ يۇيۇنغىنىغا ئوخشايدۇ.

### كىچىك سىناق



? نېمە ئۈچۈن بېيجىڭنىڭ داڭلىق تاماقى - پۇرچاق ئۇنى كۆمىلچى «ئېشەكنىڭ ئېغىنىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؟

✔ بۇ بىر خىل ئوبرازلىق ئوخشىتىش بولۇپ، كۆمىلاچنى ياساپ سېرىق پۇرچاق ئۇنى ئۈستىدە دومىلاتسا، خۇددى ئېشەك ئېغىنىغاندا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشاش ھالەت شەكىللەنگەچكە، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟



شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى قار - مۇزلاردىمۇ بەخىرامان يۈرۈۋېرىدۇ.

پىنگۋىننى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ خوجايىنى دېسەك، ئۇنداقتا شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنى شۈبھىسىزكى شىمالىي قۇتۇپ پادىشاھى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ گەرچە قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان شىمالىي قۇتۇپتا ياشىسىمۇ، بىراق سوغۇققا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. كۆز يەتكۈسىز مۇزلۇقتا شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ بەردەم گەۋدىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈكلىرى شىمالىي قۇتۇپتىكى قار - مۇزلاردەك ئاپئاق . شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلىشى،

### بىلىۋېلىڭ

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى مۇز ئۈستىدىكى قار دۆۋىسىنى كولاپ ئۇۋا ياسىغاندىن كېيىن، ئۇۋا ئاغزى يېنىغا بىر دۆۋە قار تام ياساپ دالدىلىنىدۇ. ئانا ئېيىقنىڭ يوغان تېنى ئىسسىقلىق تارقىتالايدىغان بولۇپ، قاردىن ياسالغان ئۇۋىسىنى ئىسسىتالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئېيىق كۈچۈكلىرى سالامەت تۇغۇلىدۇ، يېڭى تۇغۇلغان ئېيىق كۈچۈكلىرىگە تېخى تۈك چىقمىغاچقا، دائىم ئانىسىنىڭ ئىسسىق قوينىغا كىرىۋالىدۇ.



يېڭىلا تۇغۇلغان ئېيىق باللىرى ئانىسىنىڭ قوچىقىغا چىقىۋالىدۇ.



نېمىدېگەن ئىللىق ئائىلە!



ئۇلار مۇز ئۈستىدە ئوينايدۇ.

ئاساسلىقى ئۇنىڭ بەدىنىدە قويۇق تۈكلەرنىڭ بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۈكى ئىككى قەۋەت بولۇپ، سىرتىدىكى بىر قەۋىتى تىك ھەم قوپاللىراق، قوياش نۇرىنى سۈمۈرەلەيدۇ؛ ئىچىدىكى بىر قەۋىتى قىسقا ھەم قويۇق مامۇق تۈك بولۇپ، ئارىسىدا ھاۋا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق ئاسان تارقىلىپ كەتمەي، بەدەن ئىسسىقلىقىنى ساقلىيالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ قۇلىقى ۋە تاپانلىرىدىمۇ قېلىن تۈكلەر بولغاچقا، قانچە سوغۇق بولسىمۇ توڭلىمايدۇ.

**كىچىك سىناق**



? شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى مۇزدا ماڭغاندا نېمە ئۈچۈن تېيىلىپ موللاق ئېتىپ كەتمەيدۇ؟

✓ شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ تاپىنى گۆش تەگلىك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە بىر قەۋەت قويۇق تۈك بار بولۇپ، تاپىنى بىلەن مۇزنىڭ سۈركىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان بولغاچقا، يىقىلىپ كەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن چوڭ مۈشۈكئېيىق شۇنچە ئەتىۋارلىق؟

چوڭ مۈشۈكئېيىقنىڭ يۇمىلاق بەدىنى، رايىشلىقى ھەممە ساددا قىلىقلىرىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئامراقلىقى كېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەكەتكۈسى كېلىدۇ. بىراق، دۇنيادىكى چوڭ مۈشۈكئېيىقلارنىڭ سانى چەكلىك. نۆۋەتتە، ياۋا چوڭ مۈشۈكئېيىقتىن پەقەت 1590 نىلا بار بولۇپ، ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ سىچۈەن، شەنشى ئۆلكىلىرىدە ياشايدۇ. چوڭ مۈشۈكئېيىق دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، «تىرىك تاش قات-



چوڭ مۈشۈكئېيىق بامبۇك يېيىشكە ئامراق، شۇڭا بامبۇكزارلىقلاردا ياشايدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

چوڭ مۈشۈكئېيىق ئەڭ ئامراق يېمەكلىك بامبۇك، بولۇپمۇ جۇڭگو بامبۇكى. ئۇ بەك جىق نەرسە يەيدۇ، كۈنىگە نەچچە ئون كىلوگرام بامبۇكنى يەۋېتىدۇ. ئۇ بامبۇكلا يەپ قالماي، بەزى ۋاقىتلاردا يەنە بامبۇكلۇقتىكى بامبۇك چاشقىنىنىمۇ يەيدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان مۈشۈكئېيىق بالىسى

ما» دەپ ئاتالغان. چوڭ مۈشۈكئېيىقنىڭ ئاز ۋە ئەتىۋارلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ يېتىلىشىنىڭ بىرقەدەر ئاستىلىقى، جورا تاللاش شەرتىنىڭ ئېغىرلىقى، تۇغقان كۈچۈكىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.



ئۇ قارلىق يەردىمۇ بەخىرامان غىزالىنىۋېرىدۇ.



**كىچىك سىناق**

❓ چوڭ مۈشۈكئېيىق نېمە ئۈچۈن «تىرىك تاش قاتما» دەپ ئاتىلىدۇ؟

✅ چوڭ مۈشۈكئېيىق بۇنىڭدىن 1 مىليون يىللار ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان قەدىمىي هايۋان. شۇڭا، هازىرقى چوڭ مۈشۈكئېيىقلار «تىرىك تاش قاتما» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن يولۋاسنىڭ بەدىنىدە سىزىقچىلار بولىدۇ؟



يولۋاس ئۆينى قانتىق قوغدايدىغان هايۋان، ئۇز دائىرىسىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىشىغا يول قويمايدۇ.

يولۋاسنىڭ بەدىنىدە چىرايلىق سى-
زىقچىلار بار. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن گۈللۈك
سىزىقچىلىرى بولىدۇ؟ بۇ گۈزەللىك ئۈچۈن-
مىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەس. ئەسلىدە
يولۋاس گۈگۈم ۋاقتىدا ئوۋ ئوۋلاشقا ئادەتلەنگەن، تېرىسىدىكى ئاشۇ گۈللۈك سىزىقچىلار كەچكى قۇياش نۇرىدا ئەتراپتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەچكە، كىچىك هايۋانلار ئۇنى ئاسانلىقچە سېزەلمەيدۇ. بۇغا، ياۋا كالا، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار ئۇنىڭ زېمىنىغا كىلىپ، كۆل بويىدا سۇ ئىچىۋاتقاندا ياكى ئورمانلىقتا ئوتلاۋات-قاندا، يولۋاس تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ ئۇلجىنى تۇ-



يولۋاسنىڭ گۈللۈك سىزىقچىلىرى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.



يولۋاس ئولجىسىغا تۇيۇقسىز ئېتىلىدۇ.

تۇۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئاشۇ «دالا مەشىق كىيىمى»نى كىيىۋالىدۇ، كىچىك ھايۋانلار يولۋاسنىڭ بۇ تۇرقىدىن قايمۇقۇپ، ئۇنىڭغا يەم بولىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ**

يولۋاس يۇيۇنۇشقا ئامراق، ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈش تېخنىكىسى يۇقىرى، بولۇپمۇ پىژ-غىرىم ئىسسىقتا بەدىنىنى سالقىن ساقلاش ئۈچۈن، سۇدا ياكى سۇ بويىدا ئارام ئالىدۇ.



بىنگال يولۋىسى

**كىچىك سىناق**



? يولۋاس قانداق قىلىپ جاي ئىگىلەيدۇ؟

✓ يولۋاس ئايىغى تەگكەنلىكى ئورمانلىقلاردا دەرەخ غوللىرىغا تىرناق ئىزىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ جاي ئىگىلەش ئۈچۈن قويغان بەلگىسى. ئۇ يەنە بۇ جايغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇش ئارقىلىق، ئوخشاش تىپتىكىلىرىگە بۇ جاينى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۈشۈك ئېگىز جايدىن سەكرىگەندە نېمە ئۈچۈن يىقىلىپ ئۆلۈپ قالمايدۇ؟



مۈشۈك ئېگىز دەرەختىن سەكرەپ چۈشكەندە، قىلـ-چە ئاغرىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ئالاھىدە.

مۈشۈك خېلى ئېگىز جايدىن سەكرەپ چۈشسىمۇ يىقىلىپ ئۆلۈپ قالمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر دائىم مۈشۈكنىڭ توققۇز جېنى بار، يەنى مۈشۈكنىڭ جېنى چىڭ دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۈشۈكنىڭ ئالاھىدە بەدەن قۇرۇلمىسى بولغاچقىلا ئاشۇنداق ئىقتىدارى بولغان. مۈشۈك ئېگىز جايدىن سەكرەپ چۈشكەندە، ئۆتكۈر كۆزى بىلەن يەر شەكلىگە ھۆكۈم قىلىپ، چۈشىدىغان يېرىنى تېپىپ بولىدۇ. قۇيرۇقى بەدىنىنىڭ ھاۋادىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ. يوتىسىنىڭ ئاستىدىكى قېلىن گۆش تەگلىكمۇ يەرگە چۈشكەندە ئارىلىقلىق رولىنى ئويناپ

## بىلىۋېلىڭ



مۈشۈكنىڭ تىرنىقىنىڭ ئاستىدا قېلىن گۆش تەگلىكى بولىدۇ.

مۈشۈك كېچىدە چاشقان تۇتىدۇ، كېچە قاپقاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېنىق كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى قاراڭغۇ جايلاردا يوغىنايدۇ، يورۇقلۇق ئاجىز جايلاردىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۈشۈك قاپقاراڭغۇ جايلاردىمۇ سەزگۈر بۇرۇتىغا تايىنىپ نىشاننى پەرق ئېتىدۇ.



مۈشۈك كېچىدىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدۇ. شۇڭا قاراڭغۇدا ئوغرىلىق قىلىدىغان چاشقان ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

سىلكىنىشنى ئازايتىدۇ. مۈشۈك مانا مۇشۇنداق پايدىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بەمالال تامدىن تامغا سەكرىيەلەيدىغان، كېچىلەردە چاشقان تۇتالايدىغان، خالىغان يېرىگە ئەركىن بېرىۋېرىدىغان «پالۋان»غا ئايلانغان.



مۈشۈكنىڭ كۆزى ئالاھىدە، يورۇقلۇق ئاجىز جايلاردا كۆز قارىچۇقى يوغىنايدۇ.



**كىچىك سىناق**

? مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىنىڭ قانداق رولى بار؟

✓ مۈشۈك چاشقان تۇتقاندا، بۇرۇتى بىلەن تۆشۈكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدۇ. ئەگەر بۇرۇتى تۆشۈكنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ قالسا، تۆشۈكنىڭ كىچىكلىكىنى، ئۆزىنىڭ پاتمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، خاتىرجەم ھالدا تۆشۈككە كىرىپ، قوغلاپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن كېچىدە بۆرىنىڭ كۆزىدىن نۇر چىقىدۇ؟



بۆرە پادىشاھى دائىم توپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ.

بۆرە كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان ھايۋان، يېرىم كېچىدە بىپايان يايلاقلاردا كىشىلەر بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ ھەمدە يىراقتىن خۇددى ياپيېشىل ياقۇتلاردەك جۇپ - جۇپ يېشىل نۇرلارنى كۆرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بۆرىنىڭ كۆزىدىن چىققان نۇردۇر. نېمە ئۈچۈن بۆرىنىڭ كۆزىدىن يېشىل نۇر چىقىدۇ؟ ئەسلىدە بۆرىنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ ئاستى قىسمىدا نۇرغۇن ئالاھىدە كرىستال چېكىتلەر بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە.



بۆرە ھۇۋلاش ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ.

### بىلىۋېلىڭ



بۆرىنىڭ كۆزى كېچىدە، ئاجىز نۇرلارنى يىغالايدۇ.

بۆرە دائىم توپلىشىپ ياشايدۇ. ئادەتتە، يەتتە-سەككىز بۆرە بىر توپ بولۇشۇپ، بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىپ بىللە ئوۋ ئوۋلايدۇ. ناۋادا، بىر بۆرە توپتىن ئايرىلىپ قالسا، تولىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئاسانلا شىرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بۆرە توپى ئىچىدە ھامان بەستلىك، ئەقىللىق بىر بۆرە پادشاھى بولىدۇ.

بۆرە كېچىسى ھەرىكەت قىلغاندا، بۇ كرىستال چېكىتلەر ناھايىتى ئاجىز، تار-قاق نۇرلارنى يىغىپ، ئاندىن نۇر دەستىسى قىلىپ قايتۇرىدۇ، شۇڭا بۆرىنىڭ كۆزى چاقنىغاندەك كۆرۈنىدۇ.



بۆرە دائىم كېچىسى توپلىشىپ ئوۋ ئوۋلايدۇ.

### كىچىك سىناق



❓ بۆرە نېمە ئۈچۈن كېچىسى ھۇۋلايدۇ؟

✅ بۆرە توپى سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ھۇۋلاپ، ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈپ ھەمراھلىرىنى چاقىرىدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە ئۇلار يەنە ھۇۋلاپ جورا ئىزدەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئىت ئەتراپىنى پۇراپلا يۈرىدۇ؟



ئىت سۈيدۈك پۇراش ئارقىلىق، بۇ جايىنىڭ ئىگىسىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى بىلەلەيدۇ.

ئىتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادىتى ئوخشاش، قۇيرۇقنى شىپاڭلىتىپ ئەتراپىنى پۇراپلا يۈرىدۇ. ئۇلار زادى نېمىنى پۇراپ تاپماقچىدۇ؟ ئەسلىدە ئىتنىڭ پۇراش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى پۇراپ يۈرۈشى، ئاساسلىقى باشقا ئىتلارنىڭ شۇ جايغا سىيىپ قويغان - قويمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇ جايغا باشقا ئىتلار سىيىپ قويغان بولسا، بۇ جايىنىڭ ئىگىلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تەجرىبىسى مول ئىت يەنە شۇ جايغا سىيىپ قويغان ئىتنىڭ بويىنىڭ ئېگىز -



ئىتنىڭ پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر بولۇپ، ئىگىسىنىڭ پۇرىقىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

ئىتنىڭ ئەجدادى ياۋا ئىت بولۇپ، تاغ - ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. ئۇ يەرلەردە ياۋا ئوت - چۆپلەر كۆپ بولغاچقا، ئىت ئۇخلاشتىن ئاۋۋال يەردە ئېغناپ ئوت - چۆپلەرنى ياتقۇزۇۋېتىپ، ئاندىن يېتىپ ئۇخلايدۇ. ھازىرقى ئىتلارنىڭ راھەت ئۇۋىسى بولسىمۇ، بىراق ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەردە ئېغىنىۋېتىدۇ.



ئىت ئوت - چۆپلەرنى ياتقۇزۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇخلاشقا ئامراق.

پاكارلىقى، ئۆزىدىن كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى پۇراپ بىلەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىتنى ئۆزىدىن يامان دەپ ئويلىسا، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن باشقا جايدىن ئورۇن ئىزدەيدۇ، ئۇ ئىت ئۆزىدىن ئاجىز بولسا، بۇ جاينى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. شۇڭا، ئىتلار ئىچىدىمۇ ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغانلىرى خېلى بار.



بۇ ئوماق كۈچۈكلەر چوڭ ئىتلارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىسا، ياۋاشلىق بىلەن كېتىپ قالىدۇ.

### كىچىك سىناق



? ئىت نېمە ئۈچۈن ئىگىسىنى كۆرگەندە قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىدۇ؟

✓ ئىتنىڭ ئىگىسىنى كۆرۈپ قۇيرۇق شىپپاڭلىتىشى ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ئىپادىلىگىنى، ئىت ئاچچىقلانغان ياكى جىددىيلەشكەندە قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ؛ قورققاندا قۇيرۇقىنى ئارقا پۇتلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئانا كېنگۇرۇنىڭ خالتىسى بولىدۇ؟



كېنگۇرۇ بالىسى ئانىسىنىڭ خالتىسىدا خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن مۇستەقىل ياشايدۇ.

كېنگۇرۇنىڭ تېنىدە خالتىسى بار، بالا بېقىش خالتىسى دېيىلىدىغان بۇ خالتا كېنگۇرۇنىڭ قورسىقىدا بولىدۇ. ئۇنى بىر تال خالتا سۆڭىكى تىرەپ تۇرىدۇ، بۇ خالتا كېنگۇرۇ بالىسىنى ئېمىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. كېنگۇرۇ بالىسى تۇغۇلغاندا، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى سانتىمېتىرغا، ئېغىرلىقى بىر گرامغا يەتمەيدۇ، ئارقا پۇتلىرىنى ھامىلە

**بىلىۋېلىڭ**



كېنگۇرۇ بالىسى ئانىسىنىڭ خالتىسىدا خاتىرجەم ئۇخلايدۇ.

ئاۋستىرالىيە كېنگۇرۇسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ كېنگورو بىلەن قىزىل كېنگۇرۇ ئەڭ داڭلىق. ئۇلارنىڭ بەدەن ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ. ئالدى پۇتى قىسقا، ئارقا پۇتى ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇ سەكرىگەندە ئارقا پۇتى بىلەن كۆچەپلا بىر قەدەمدە ئالتە ـ يەتتە مېتىر يىراققا سەكرىيەلەيدۇ. دۆڭدىن چۈشكەندە 12 مېتىر يىراققا سەكرىيەلەيدۇ. ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى توساقتىن بىمالال سەكرەپ ئۆتەلەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ھايۋانات دۇنياسىدىكى ئېگىزگە سەكرەش ماھىرى بولۇشقا مۇناسىپ.



كېنگورۇ بالىسى سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، بېشىنى ئانىسىنىڭ خالتىسىغا تىقىۋېلىپ ئېمىدۇ.



كېنگورۇنىڭ ئارقا پۇتى بەك مەزمۇت بولۇپ، ئىلاستىكىلىق سەكرەش ئىقتىدارى كۈچلۈك.

پەردىسى ئوراپ تۇرغاچقا، ھايۋانغا ئوخشىماي بەئەينى سازاڭغىلا ئوخشايدۇ. تېخى تولۇق يېتىلمىگەن كېنگورۇ بالىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتتا ياشىشى ئاسان ئەمەس. ھېلىمۇ ئانا كېنگورۇنىڭ بالا بېقىش خالتىسى بولغاچقا، بۇ شاكىچەك خالتىغا كىرىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ ئەمچەك تۈپچىسىنى چىشلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق بالا بېقىش خالتىسىدا 230 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئانا تېنىدىن ئايرىلىدۇ.



### كىچىك سىناق

❓ ھەممە كېنگورۇلارنىڭ بالا بېقىش خالتىسى بولامدۇ؟

✅ ئانا كېنگورۇنىڭلا بالا بېقىش خالتىسى بولۇپ، دادىلىرىنىڭ بالا بېقىش خالتىسى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن خالتىلىق ئېيىق سۇ ئىچمەيدۇ؟



خالتىلىق ئېيىق يامغۇرلۇق ئورماندا ياشاپ، ئېۋكالىپت يوپۇرمىقى يەيدۇ.

ئاۋستىرالىيىدە داڭلىق ھايۋانلاردىن كېنگورۇدىن باشقا، يەنە خالتىلىق ئېيىق بار. ئاۋستىرالىيىلىكلەر ئۇنى «كاۋلا» دەيدىغان بولۇپ، «سۇ ئىچمەيدۇ» دېگەن مەنىدە. باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئېرىق ياكى بۇلاق بويىلىرىغا بېرىپ سۇ ئىچىدۇ، ئۇسسۇزلۇقتا ئەڭ چىدامىلىق تۆگىمۇ سۇنى تاپقاندا تويغۇچە ئىچىۋالىدۇ. خالتىلىق ئېيىق بولسا ئەزەلدىن سۇ ئىچمەيدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەسلىدە خالتىلىق ئېيىق دائىم ئېۋكالىپت دەرىخىگە چىقىۋالىدىكەن، چۈنكى



خالتىلىق ئېيىق دەرەختىن ـ دەرەخكە سەكرىيەلەيدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

خالتىلىق ئېيىق كېنگۇرۇغا ئوخشاشلا خالتىلىق هايۋان بولسىمۇ، ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ياشاشقا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇ يامغۇرلۇق ئورمانلاردا ياشايدۇ، ئاساسلىقى دەرەخ يوپۇرمىقى ۋە مېۋىلەرنى يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقا پۇتى قىسقىراق، ئەمما ئالدى پۇتى قورۇقلۇقتا ياشايدىغان كېنگۇرۇنىڭكىدىن ئۇزۇنراق، دەرەخ شاخلىرىنى تۇتالايدىغان قولغا ئوخشاش قۇيرۇقى بولىدۇ.



خالتىلىق ئېيىق دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئۇ ئېۋكالىپت يوپۇرمىقى يېيىشكە ئامراق ئىكەن. ئېۋكالىپت يوپۇرمىقىنىڭ سۇ تەركىبى مول بولۇپ، خالتىلىق ئېيىق هەر كۈنى كۆپ مىقداردا يوپۇرماق يەپ، يېتەرلىك سۇ تەركىبىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەريا بويلىرىغا بېرىپ سۇ ئىچىشى هاجەتسىز ئىكەن.



خالتىلىق ئېيىق بالىسى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە چىڭ چاپلىشىۋالىدۇ.



### كىچىك سىناق

? خالتىلىق ئېيىق نېمە ئۈچۈن خۇشبۇي پۇرايدۇ؟

✓ خالتىلىق ئېيىق ئاساسەن ئېۋكالىپت يوپۇرمىقى يەيدۇ، ئۇ يوپۇرماقتا خۇشبۇي پۇراق تارقىتالايدىغان ئالاهىدە تەركىبلەر بولغاچقا، خالتىلىق ئېيىقنىڭ بەدىنىدىنمۇ دائىم بىر خىل خۇشبۇي پۇراق پۇراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن تىيىن شۇنچە كۆپ ئوزۇقلۇق ساقلايدۇ؟



تىيىنچاق ئاغزىغا يېمەكلىك قاچىلاپ ئۇۋىسىغا توشۇيدۇ.

زېرەك، چاققان تىيىنچاق تۈكلۈك ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرەپ دائىم ئالدىراشلا يۈرىدۇ. بىردەم قارىغاي مېۋىسى ئۈزسە، بىردەم ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ھەر يىلى كۈز پەسلىدە ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئالدىراش بولغانسېرى خۇشال كۆرۈنىدۇ. ئەسلىدە كۈز پەسلى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى پىشىدىغان بولۇپ، تىيىنلار يەرگە ئورەك كولىۋېلىپ، ئازدىن نۇرغۇن مېۋىلەرنى يىغىپ ئورەككە سېلىپ، لاي - توپا ياكى يوپۇرماقلار



تىيىنچاق كۈزدە مېۋە يىغىدۇ.

## بىلىۋېلىڭ



تىيىنچاق ئۇۋىسىنى دەرەخ ئاچىمىقى ياكى دەرەخ نوشۇكىگە جايلاشتۇرىدۇ.

تىيىنلار كۈزدە نۇرغۇن مېۋىلەرنى ساقلايدۇ. ئۇلار بىر قىشتا بۇ مېۋىلەرنى يەپ بولالمايدۇ. شۇڭا، كۆپ ساندىكى مېۋىلەر تۇپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرىۋېرىدۇ. باھار كەلگەندە مېۋە ئىچىدىكى ئۇرۇقلار بىخ چىقىرىپ، ئورمانلىقتا يەنە نۇرغۇن دەرەخلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇڭا، تىيىنچاقنى ئۇرۇق تېرىغۇچى «باغۋەن» دەيمىز.



تىيىنچاق يەرگە كولىغان ئورەكنىڭ ئاغزىنى لاي - تۇپا ياكى يوپۇرماقلار بىلەن ئېتىۋېتىدۇ.

بىلەن ئورەكنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىدۇ. قىش كېلىپ ھەممە يەر قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ يوپۇرماقلار تۆكۈلگەندە، تىيىنلار كۈزدە يىغىپ قويغان مېۋىلىرىنى خالىغانچە يەپ ھۇزۇرىنى سۈرىدۇ. تىيىنچاقلارنىڭ ئىشچانلىقى ئۇلارنى قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇتقانلىق - دە!

## كىچىك سىناق



? تىيىنچاقلار شۇنچە كۆپ يېمەكلىك ساقلىغانىكەن، ئەجەبا قىشلىق ئۇچەككە كىرمەمدۇ؟

✓ تىيىنچاقنىڭ يېمەكلىك ساقلاش ئامبىرى بولۇپلا قالماي، يەنە دەرەخ شاخلىرى ۋە مۇختىن توقۇۋالغان ئىسسىق ھەم پۇختا «ياتىقى» بولغاچقا، قىشتا ئاچ قالمايدۇ ھەم توڭلاپ قالمايدۇ. شۇڭا، قىشلىق ئۇچەككە كىرىشى ھاجەتسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## نېمە ئۈچۈن شەپەرەڭ تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلايدۇ؟

شەپەرەڭ بىردىنبىر ئۇچالايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئۇنىڭ ئۇخلاش ھالىتىمۇ غەلىتە. ئۇ دائىم لەمپىلەرگە تەتۈر ئېسىلىپ، بېشىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ ئۇخلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلاش ھالىتىنىڭ شەپەرەڭگە پايدىسى كۆپ. بىرىنچىدىن، تەتۈر



دەرەخكە تەتۈر ئېسىلىۋالغان شەپەرەڭ

### بىلىۋېلىڭ

شەپەرەڭ ئادەتتە قىشلىق ئۈچەككە كىرىدۇ. قىشلىق ئۈچەك مەزگىلىدە مېتابولىزم ئىقتىدارى ئاجىزلاپ، يۈرىكى مىنۇتىغا ئاران بىرنەچچە قېتىملا سوقۇپ، قان ئايلىنىشى ئاستىلاپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلىشىدۇ. بىراق، شەپەرەڭ بەك قاتتىق ئۈچەككە كىرمەيدۇ، ئۈچەك مەزگىلىدە بەزىدە تەرەت قىلىدۇ ۋە غىزالىنىدۇ.



تاش ئۆڭكۈردىكى شەپەرەڭلەر



شەپەرەڭ ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ئولجىسىنى ئىزدەيدۇ.



شەپەرەڭنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ كۈچى يوق، دەرەخ شاخلىرىدا توختاشقا ۋە يەردە مېڭىشقا پايدىسىز.

ئېسىلىپ، تېنى سوغۇق ئەرسىلەردىن ساقلاپ، ئۆزىنى ئىسسىق ساقلىيالايدۇ. ئىككىنچىدىن، شەپەرەڭنىڭ پۇتىنىڭ كۈچى يوق بولۇپ، ماڭالمىغاچقا، قانتى بىلەن ئۆمىلەپ ماڭىدۇ. ناۋادا دۈم ياتقان بولسا، كۆتۈرۈلۈپ ئۇچمىقى بەك تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، ئادەتتە ئۇ بەدىنىنى تەتۈر ئېسىپ ئارام ئالىدۇ، خەتەرگە يولۇققاندا تىرنىقىنى بوشاتسىلا، تېنى تۆۋەنلەپ، ئاسانلا ئۇچۇپ قېچىپ كېتەلەيدۇ.



**كىچىك سىناق**

? شەپەرەڭ ئۇچقاندا ئارقا پۇتىنىڭ قانداق رولى بار؟

✓ شەپەرەڭ ئۇچقاندا قۇشلارغا ئوخشاشلا ئارقا پۇتىنى كەينىگە سوزىدۇ. بۇنىڭ بەدىنىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن مايمۇن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى دورىيالايدۇ؟



مايمۇن ئىنسانلارنى دوراپ قار پومزىكى دومىلىتىپ، قار ئېتىشىپ ئوينايدۇ.

مايمۇن ئوماق، قىزىقچى بولۇپلا قالماي يەنە بەك كەپسىز، ئۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى دوراشقا ئامراق. مايمۇن قانداقسىگە ئەقىللىق «دورامچى» بولالىغان؟ ئەسلىدە، مايمۇنلار ئىنسانلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ، ھايۋانلارنى تۈرگە ئايرىغاندا پىرىماتلار ئەترىتى تۈرگە كىرىدۇ. مايمۇننىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى ئىنسانلارنىڭكىگە بىر قەدەر يېقىنلاشقان. مايمۇننىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى، شۇنداقلا دوراش ئىقتىدارى بەك كۈچلۈك، ئۇ مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مايمۇننىڭ ئارقا پۇتى ئالدى پۇتىدىن



مايمۇنلارنىڭ كاللىسى ئۇتكۇر، ھەرىكىتى چاققان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىنى دورىيالايدۇ.



مايمۇننىڭ ئالدى پۇتى ئادەملەرنىڭ قولىغا ئوخشاش ئەپچىل بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى تۇتالايدۇ.

### بىلىۋېلىڭ

هايۋانات باغچىسىدىكى مايمۇنلار دائىم يېمەكلىكلەرنى ئاغزىغا لىق سېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق «يالماپ يۇتۇش» ى ئاشقازىنىنى بىئارام قىلمايدۇ. چۈنكى، مايمۇنلار ئۇ يېمەكلىكلەرنى ئاۋۋال ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قوۋۇز خالتىسىغا سېلىپ قويۇپ، بولاپ - تالايدىغان نەرسە قالمىغاندا ئاندىن ئۇلارنى قوۋۇز خالتىسىدىن چىقىرىپ ئالدىرىماي چايناپ يەيدۇ.

ئۇزۇن بولغاچقا ئۆرە ماڭالايدۇ؛ بەش بارمىقىنىڭ باش بارمىقى ئۇزۇنراق بولۇپ، نەرسىلەرنى تۇتالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى دورىشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.



مايمۇنلار كۆزىتىشكە ماھىر، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئېسىدە ساقلىيالايدۇ.



### كىچىك سىناق

? مەخسۇس مايمۇن كۆندۈرۈش مەكتىپى بارمۇ؟

✓ تايلاندنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەردە بىر «مايمۇنلار مەكتىپى» بار. بۇ مەكتەپتە كۆندۈرۈلگەن مايمۇنلار كۈنىگە 500 تال كوكۇس ئۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن ئورانگۇتان مەيدىسىگە مۇشتلايدۇ؟

ئورانگۇتاننىڭ پۈتۈن بەدىنىدە قاپقارا تۈكلەر بار، يۈزلىرى قورۇق بولۇپ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ بىر تەرەپتىن مەيدىسىنى مۇشتلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئۇياق - بۇياققا ماڭغاندا ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاچچىقلاپ، ھۇجۇم قىلماقچى بولغىنىمىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلىغىنى پەقەت رەقىبىگە ھېيۋە قىلىپ كۈچ كۆرسەتكەنى. ئىككى قەبىلىدىكىلەر ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرى مۇشۇ ھەرىكەتنى قىلىپ ھۆركىرەيدۇ. بىراق، ئۇلار قارشى تەرەپنى قورقۇتۇپلا قويماقچى بولۇپ، رەسمىي ئېلىشىش خىيالىدا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار يەنە «مۇلايىم ئورمان گىگانت ئادىمى» دەپمۇ ئاتالغان.



ئورانگۇتان يەنە تاش بىلەن ياڭاق چېقىشنى بىلىدۇ.

## بىلىۋېلىڭ



ئورانگۇتان ئادەتتە بىر چوڭ ئائىلە بولۇپ ياشايدۇ.

ئورانگۇتان ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دۈمبە تۈكى ئاقۇچ كۈل رەڭ كەلگەنلىرى ئەركەك ئورانگۇتان بولۇپ، شۇ توپنىڭ باشلىقى بولىدۇ، ئۇ يەنە «كۈمۈش دۈمبە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئورانگۇتان ياشقا چوڭ بولغاچقا، دۈمبە تۈكلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن. مۇشۇنداق ئورانگۇتانلارلا كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، «رەھبەرلىك» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.



ئورانگۇتان توپىنىڭ باشلىقىنىڭ دۈمبە تۈكى ئاق بولغاچقا، «كۈمۈش دۈمبە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## كىچىك سىناق



? ئورانگۇتان قورال ئىشلىتىشنى بىلەمدۇ؟

✓ ئورانگۇتان دەرەخ شېخى بىلەن تاش يېرىقىدىكى ئاق چۈمۈلىلەرنى چىقىرىپ يەيدۇ، يەنە تاش قاتارلىق ئاددىي قوراللارنى ئىشلىتەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب بېيجىڭ بالىلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2007 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京少年儿童出版社 2007 年 1 月第 1 版，2007 年 1 月第 1 次印刷本翻译出版。

ئىنسانلار بىلىشكە ئەڭ تەشنا

## يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

③

# خىلمۇخىل ھايۋانلار

---

باش تۈزگۈچى: جى جياڭخۇڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: مەرىيەمگۈل مەمەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم
تەكلىپلىك مۇھەررىر: دىلبەر ياقۇپ
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبرايىم، زەمىرە پىدايى
تەكلىپلىك كوررېكتور: ياسىن زايىموف
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 4
نەشرى: 2008 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2008 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—11695—9
باھاسى: 13.00 يۈەن

---

ئىنسانلار بىلىشكە ئەڭ تەشنا

# يۈز مىڭلىغان نىمە ئۈچۈن



1 سىرلىق ئالەم



2 گۈزەل يەرشارى



3 خىلمۇخىل ھايۋانلار



4 قىزىقارلىق ئۆسۈملۈكلەر



5 سىرلىق ئادەم بەدىنى



6 تەرەققىي قىلغان قاتناش قوراللىرى



7 سىرلىق پەن - تېخنىكا



8 قۇدرەتلىك قورال - ياراغلار



9 جەمئىيىتىمىزدە



10 رەڭگارەڭ مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىنسانلار بىلىشكە ئەڭ تەشنا



# يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

1. سىرلىق ئالەم
2. گۈزەل يەرشارى



3. خىلمۇخىل ھايۋانلار



4. قىزىقارلىق ئۆسۈملۈكلەر
5. سىرلىق ئادەم بەدىنى
6. تەرەققىي قىلغان قاتناش قوراللىرى



7. سىرلىق پەن - تېخنىكا
8. قۇدرەتلىك قورال - ياراغلار



9. جەمئىيىتىمىزدە
10. رەڭگارەڭ مەدەنىيەت

- بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇق
- تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ
- تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىزدىنىشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىلەندۈرىدۇ.



ISBN978-7-228-11695-9
9 787228 116959 >
定价：13.00 元